ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈرگەن سىرك چولپىنى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2-3

1998

XINJIANG CIVILIZATION

ئىلتىجا

ئەنۋەر ئابدۇھېلىم فوتوسى




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 - يىل 2-، 3-سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》 (维吾尔文)

综合性文学双月刊

---

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

主办:新疆维吾尔自治区文化厅

编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部

地址:乌鲁木齐市胜利路 193 号

邮编:830001 电话:2856942

印刷:《新疆日报》印刷厂

发行:乌鲁木齐市邮局

订阅:全国各地邮局

---

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1073/I

ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6 يۈەن

国内统一刊号:CN65——1073/I

本刊代号:58——22 定价:6元

شىنجاڭ مەدەنىيىتى • قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال •
47 - يىل نەشرى 1998 - يىل 2 -، 3 - سان (ئومۇمىي231 -، 232 - سان)

# بوستاندا

## چولپانلار شەجەرىسى

زېمىن تۇغقان چولپانلار ........................ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، گۈلچېھرە ئەزىز 2

## كۆڭۈل ئىزھارى

تەبرىك ۋە ئۈمىد........................................ مىجىت ناسىر 10

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئىككى ھېكايە ........................................ مەمتىمىن ھوشۇر 13
نەسرلەر ........................................ ئەخمەت ئىمىن 27
نەسرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار ........................................ غ. مۇھەممەت 29
ر. قايىنامى، م. ۋارىسى، ي. سەيدۇل، ئا. ئابدۇراھمان، ھ. خوجا، ت. توختى،
ئا. رېشىت، ئا. ئەبەيدۇللا، ئۆ. ئەخمىدى، د. ياسىن، ت. كەنجى
ھايۋاناتلاردىكى پاراسەت ۋە تەك كېچىدىكى ناخشا ........................ ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى 32
كامالتۈرك ۋە ئۇرۇمچى ........................................ يالقۇن روزى 36
شېئىرۋە شېئىر يازمايدىغان كىشىلەر ........................................ بوغدا ئابدۇللا 40
ھېكايىلەر ھەققىدە «ھېكايە» لەر........................................ ئابلەت قەييۇم 42
لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى ........................................ گارسىيا ماركوس 45
ھەققانىيەت ئۆلمەيدۇ ........................................ نەجىب مەھفۇز48

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار ... ئا. خوجا 51
قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان ........................ ئىمىن تۇرسۇن 82

## مۇھاكىمە

20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق ........................ ئەسەت سۇلايمان 105

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

«كرىزىس ۋە ئويلىنىش»تىن تەرمىلەر ........................................ خې شىن 137
شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەتكە ئايلىنىش-دەۋرنىڭ تەلپى........................ شەرىپقان ئەبدالىي 141
ئادەت كۆچى ۋە تەپەككۇردىن ياتلىشىش ........................ تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 147

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ........................................ تەييارلىغۇچىلار: ئە. تاشتۆمۈر 152
ش. ئابدۇلئەھەد، ئى. ئاخۇنباي، ئى. كېرەم، د. قۇربان، ر. راھمان، ئە. توختى، ئېلتېكىن
مۇقاۋا سۈرىتىنى فاتىخ شەرف تارتقان. ژۇرنال نامىنى خالمۇرات قەييۇمبەگ يازغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:
رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكىلىق تەھرىرى: قۇربان مامۇت



# 20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق

ئەسەت سۇلايمان

غېرىبلىق ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى بۇ ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدىكى روھىي قىسمىتى ئىدى. مىللىتىمىزنىڭ يايلاق دەۋرىدىن قېپقالغان قىزىققان جاسارىتى بىلەن تېرىم ھاياتى بەخش ئەتكەن سوغۇققان نازاكىتىدىن شەكىللەنگەن روھىي قۇرۇلمىسى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن شەرقچە غېرىبلىق ئازابىغا مۇپتىلا بولغانىدى. تېخىمۇ توغرىسى بۇ ئاسىيادىكى تەنھالىق ئارىلىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى روھىيەت ۋائۇكۇملىقى بىلەن پىسخىك ياتلىشىشنى

## مۇھاكىمە

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆنساناپ زەئىپلىشىۋاتقان تارىخىي تەقدىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇڭا شاھ مەشرەپنىڭ نامەنگان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى توپىلىق يوللاردا ئېيتقان: «غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ! ؟» ① دېگەن مىسرالىرى بىلەن موللا مۇسا سايرامىنىڭ: «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى. تىنچلىق خۇددى سۇمرۇغ قۇشىدەك كۆھىقاپىنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى. . . » ② دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي غېرىبلىقىنىڭ روشەن ئىنكاسى ئىدى.

دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر ئىنساندا غېرىبلىق تۇيغۇسى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل تۇيغۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىمۇ ياكى بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدىكى غېرىبلىق، تەنھالىق دەۋرى بولغان.

يەھۇدىيلارنىڭ قان-ياشلىق تارىخى - يۇرتىدىن قوغلىنىشى، نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان-سەرگەر-دانلىق تۇرمۇشى، ناتسىستلار لاگېرلىرىدىكى ھالاكەتلىك تەقدىرى - بىزگە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەممىلا بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا، غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا سانسىز كۈن-تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزدى. شۇڭا فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ بۇنىڭدىن ئاز كەم ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا: «دائىم ھالاكەت قىسمىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان، بىراق يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە ئىزچىل تۈردە كۆپىيىپ تۇرىدىغان يەھۇدىيلار بىردىنبىر ئۈمىد بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇچرىغان بوزغۇنچىلىقلارنى ۋە زىيانلارنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلىلىرى قۇدرەتلىك بىر خانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىندۇر»③ دەيدۇ.

مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى گەرچە مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان يەر شارىدىكى تاشلاندۇق قىتئە سۈپىتىدە چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەتتە سېھرىي رېئالىزم ئېقىمىنىڭ بۇ يەردە مەيدانغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. گارسىيا ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ روھىي غېرىبلىقى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى.

غېرىبلىق — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خىل يوشۇرۇن روھىي ماھىيەت بولۇپ، مەلۇم مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا جۇغلانغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەر قېتىم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان ھامان نامەلۇم بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، بەلكى بۇ نەرسىگە مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى؛ ئىجتىمائىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە ئورتاق روھىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ يېپيېڭى تۇغۇمغا ئېرىشىشنى ئىستىنىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان — چوڭقۇر دەرىجىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلغۇچى، شۇنداقلا غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇشنى ھەر ۋاقىت ئىستىگۈچىدۇر. تۇغۇم بىلەن باشلانغان غېرىبلىق پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە مىللىي روھىيەتتە تەكرار-تەكرار كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان چاڭقاش، غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۆزلۈكسىز جەرياندۇر. شۇڭا مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز ئۆزىنىڭ «غېرىبلىق قەسرى» ناملىق ئەسىرىدە: «سۇررەڭ بالىياتقۇ ئىچىدە تۇمان كەبى لەيلىمە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان تۆرەلمىنىڭ ھاياتىلا جىمى غېرىبلىقلاردىن خالىي ھاياتتۇر. بىز تۇغۇلغان ھامان ئانا قورسىقىدىكى ئىسسىقىسىز ھاياتتىن مەھرۇم بولىمىز. بالىياتقۇ ئىچىدىكى ھاياتلىقتا ئىستەك بىلەن قانائەت ئوتتۇرىسىدا زەررىچە ئارىلىق مەۋجۇت ئەمەس. . . بىز بالىياتقۇدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ھامان بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي يوسۇندىكى ئازابلىق روھىي ھالقىشنى بېشىمىزدىن كەچۈرىمىز شۇنداقلا بىزگە تامامەن يات بىر دۇنياغا چۈشىمىز. ھاياتقا نىسبەتەن مەھرۇملۇق، كەمتۈكلۈك، غېرىبلىق ھېس قىلىمىز. چوڭ بولغانسېرى بۇ خىل تۇيغۇ تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا غېرىبلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارمىز. بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى جىمى ئورۇنۇشلىرىمىز غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش، خالاس. شۇڭا غېرىبلىق تۇيغۇسى مۇنداق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ يەنە بىرى ئۆزلۈكتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىنى نامايەن قىلىدۇ. دېمەك، غېرىبلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەسلى مەزمۇنى شۇنداقلا روھىيەت ئالىمىمىزنى تازىلىغۇچى بىر خىل مەنىۋى سىناقتىن ئىبارەت. . . »④

شەخس سۈپىتىدىكى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا غېرىبلىق سىنىقىدۇر. بىز تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلانغان غېرىبلىقىمىز ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى غېرىبلىق تۇيغۇسىغا ئوخشاشلا ھاياتلىق سەپىرىمىزگە باشتىن-ئاخىر ياندىشقان. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆلۈمنى ئۆگىنىدىغان بىر كۈندىلىك خاتىرىدۇر⑤. «قۇرئان» دىكى «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»⑥ دېگەن ئايەتمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئارنولد تويىنبىنىڭ قارىشىچە، غېرىبلىق زەئىپلەشكەن دۇنيا بىلەن خوشلىشىش، روھىي پارلاقلىققا قايتىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۆرەش ئۈچۈن تەييارلىنىش ئىدى. ئۇ بۇ پىكرىنى پىلاتوننىڭ غارى، سان-پاۋلونىڭ تۆھپىلىرى، ساكيامونى، مۇھەممەد ۋە دانتىلار ياراتقان يېڭى دۇنيا ئارقىلىق ئىزاھلىدى⑦.

دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىن ئۆزىگە خاس غېرىبلىق دېئالېكتىكىسىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل دېئالېكتىكا ماكان ۋە زامان دولقۇنلىرىدا ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىپ بارىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئالدىنقى شەرتىنىڭ بىرى — پىسخىك جۇغلانمىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدۇر. ئۆزلۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان، سىرتقى رادىئاتسىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق، ئىچكى مەنىۋى تىنىدۇرمىسى قېرىپ كەتكەن ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روھىيەت بوشلۇقىدا مۇقەررەر ھالدا غېرىبلىق ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. يەنە كېلىپ مۇنداق غېرىبلىق ئازابى شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي چۈشكۈنلىكىنى، مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىشنى ۋە پىسخىك چېكىنىشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى يېڭى بىر

تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن چاغدا، سىرت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بېكىك ھالەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىق ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى. ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى — يەنى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان غېرىبلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ روھىي مەھكۇملۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. ئۇ، ۋۇجۇدى قېرىغان، شەرقچە ئۇزاق سۈكۈتلەردىن ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى تىنغان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بىر ھالسىز تىنىقى ئىدى. ئۇنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك بەختسىز تارىخىنى ئىچكى نىزا، سىياسىي داۋالغۇش، تەركىدۇنياچىلىق ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىچكى كېلىمات بەلگىلىگەن بولسا، چوڭ جەھەتتىن دېڭىز-ئوكيان دەۋرىنىڭ باشلىنىشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرىشى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن ئىبارەت تاشقى كېلىمات بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پەلەمپەيسىمان چېكىنىۋاتقان مەنىۋى قۇرۇلمىسىز كۆپ جەھەتتىكى ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

**▲يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەر ۋە پار ماشىنلىرىنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. بالىياتقۇ شەكلىدىكى تارىم ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى.**

سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەنھالىقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلىگەن» دەپ قاراشقانىدى. دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان روھىي غېرىبلىقىنىمۇ يىپەك يولىنىڭ زاۋاللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلەپ قويغانمۇ- قانداق؟ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ دىيارىمىز ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوڭ «بالىياتقۇ» ئىدى. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس لىيۇيىتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغلىرى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى، شەرقىدە خېشى كارىدورى ئۇنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ ۋە نىسبەتەن بېكىك جۇغراپىيىلىك ھالەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ قىش ۋە يازدىكى تېمپېرا تۇرا پەرقى زور، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېترغىمۇ يەتمەيدۇ. . . شۇنداق بولغاچقا جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[8] دەپ يازىدۇ.

جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل. شۇڭا گېگىل: «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مونتېسكيۇ قاتارلىق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋە راسموسسېن قاتارلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلار مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە بولمىسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك يېتىملىكنىڭ بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. گاۋىن ھامبلىي (GavinHambly) جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا شەرھىيلەيدۇ: «تاغلىق يەر شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆچۈشلىرى ۋە تارىخىي تەقدىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما چوڭ قۇملۇقلارنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ - كاسپى دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈست-ئۈلت؛ كوپېت تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاراقۇم، ئامۇ ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى ئايرىپ تۇرغان قىزىلقۇم؛ سىر دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى چۆل ئارىلاش بېتباق دالا؛ ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنى ئايرىپ تۇرغان گوبى شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى - ستېپىن دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قۇملۇق دەپ تەرىپلىگەن - تەكلىماكان چۆلى قاتارلىق چوڭ قۇملۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق كۆچۈشلىرى ۋە يۈرۈشلىرىگە ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن»[9]. شۇڭلاشقا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دېڭىز بويلىرىنىڭ گۈللىنىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى شۇنداقلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىي غېرىبلىقتا مەھكۇم بولۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ پەقەت شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىدا ۋە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغانلىقىدا ئىشقا ئاشقانىدى. دېڭىز-ئوكيان دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. يېڭىباشتىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار ئىچكى ئاسىيانىڭ دەشت-چۆللىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى بىلەن بىمالال ھالدا شەرققە كېلەلەيدىغان بولدى. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەم ئالاھىدە ھەم زىددىيەتلىك بولغان ئىككى خىل رولنى

ئوينىغان. بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى قۇرغاق شۇنىڭدەك قاتناش ئالاقىلىرىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى كەمچىل (كۆپ قىسىم دەريالىرى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قويۇلىدۇ) بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ۋە روسىيە مەدەنىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سودا قانىلى — يىپەك يولى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بۇ يەرگە توشۇپ تۇردى. مۇشۇ قانالغا تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردىن مۇئەييەن بەھىر ئېلىپ تۇردى. ئەگەردە قەدىمكى بۇ سودا يولى بولمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تولىمۇ قىيىن بولغان بولاتتى...»[10]

ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكىنى ئۇنىڭ ئېگىز تاغلىرى ۋە پايانسىز قۇملۇقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەندىن كۆرە، يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز-ئوكيانلارغا يۆتكەلگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش تۈزۈك ئىدى. دەرۋەقە، يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. بالىياتقۇ شەكلىدىكى تارىم ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى. نەتىجىدە يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە «بەئەينى توپ ئوقى چۈشكەن بىر چوڭقۇر ئورەككە ئوخشايدىغان»[11] بۇ خىلۋەت ماكان دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. X VI ئەسىرگە كەلگەندە كونا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قىرىپ، تىنىپ كەتكەن ئاسىيانى دەۋرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان 500 يىل داۋامىدا «ئۇنتۇلغان زونا» غا ئايلانغان تارىم ۋادىسى ھېچقانداق بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا، ھېچقانداق بىر تاشقى تەسىرنىڭ زەرەتلىشىگە ئۇچرىمىدى. ھەر خىل گۈللەرنىڭ رەڭ-پۇراقلىرىدىن بەھىر ئېلىپ كۆنگەن ۋە ئۆز كۆڭلىنى ياشارتىپ ئۆگەنگەن بۇ «بۈيۈك ئاتا» ئاستا-ئاستا بەللىرى مۈكچەيگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قىرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. ... نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى «ۋائۇكۇملۇق» ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى[12]. مۇنداق روھىي غېرىبلىق مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى چىرىتىپ، مەنىۋى بېكىنمىچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بولغان روھىي ئورتاقلىقىمۇ سۇسلاشقا باشلىدى. خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە قوشنا ۋە قېرىنداش ئۆزبېك خەلقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىرىدىمۇ بىر بىرىگە بولغان بېكىنمىچىلىك، بىر بىرىدىن يىراقلىشىش، قاينام-تاشقىنلىق يىپەك يولى ئالاقىلىرىگە نىسبەتەن ياتلىشىش ھالىتى شەكىللەندى»[13].

**▲ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى، ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن، جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.**

ئارنولد گىببون رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى توغرىسىدا مۇنداق جۈملىلەرنى يازغانىدى: «... ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى، ئۇلار پەقەتلا ئوقۇدى، ماختىدى ۋە تەقلىد قىلىپ تۇزدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھارغىن روھى پىكىر ۋە تەپەككۇردىن يىراق ئىدى. ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىدا، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-غورۇرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر قانداق بىر بايقاشنى روياپقا چىقىرالمىدى. ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشالمىدى. ئۇلارنىڭ بىر توپ سەۋرچان، ئۆتمۈشكە سېغىنغۇچى مۇرىتلىرى بولسا كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر يورۇش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى»[14]. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىش تارىخى تەدرىجىي يوسۇندا پەلەمپەيسىمان ھالەتتە روي بەرگەنىدى، ۋاھالەنكى، ماۋرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ چۈشكۈنلىكى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئاخىرقى ئويغىنىش مەزگىلىدە ئېرىشىلگەن روھىي بالانسنى بىراقلا يوقىتىپ قويدى. ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن ئوسمان تۈركلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسى ھالاكىتى ئۈستىگە ئۈچ قىتئەگە تۇتاشقان ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن X VI ئەسىردىن كېيىن تەدرىجىي چۈشكۈنلىككە قاراپ يۈزلەندى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ چۈشكۈنلىككە يۈز تۇتۇشى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان روھىي غېرىبلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، شۇنداقلا مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىنى ئاچقان خرىستىئان دۇنياسىنىڭ شەرققە بولغان خىرىسىنى

كۆچەيتتى. شەرقنىڭ ئىسلام گۈللىنىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەقلىي كامالەتنى ۋە پىكىر تاكامۇللۇقى ئاستا-ئاستا كەينىگە چېكىندى. مونتېسكيۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىدا: «مەن بۇ يەردە ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى مۆتىدىل ۋە لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، كۆچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دورىدەك تېشى پال-پال ئىچى غال-غال بولۇپ قالماقتىكەن... ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەممىدە مۇكەممەللىشىشكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. يېڭى كەشپىياتلارنى ئۇلار بەلكىم سان-ساناقسىز زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن ئاندىن قوللانسا كېرەك» [15] دەپ يازىدۇ. مونتېسكيۇ يەنە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىستانبۇل بىلەن ئىسپاھان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى، ھەممە مۇشۇ ئىككى مەركەزگە ئىنتىلىدۇ. بىراق بۇ ئىككى پايتەختنىڭ ئۆزى بولسا كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىۋاتىدۇ... بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقىنى ئۇششاق-چۈششەك پاراكەندىچىلىك بولماستىن، بەلكى غەزەپ-نەپرەت بىلەن تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم... بۇ يەر ئىككى ئەسىرگە قالماي زېمىن تالاشقۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالار، بەلكىم» [16]. دەرۋەقە، مونتېسكيۇنىڭ بۇ بېشارىتى خاتا بولمىدى. ئۇنىڭ 1721-يىلى ئېيتقان بۇ سۆزلىرى 1911-يىلىدىن 1913-يىلىغىچە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن مۇداخىلىچى قوشۇننىڭ ھالسىراپ ئاخىرقى تىنىقى قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋېلىشى بىلەن ئىسپاتلاندى.

ھالبۇكى، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىۋاتقان ھالىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. «XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جەھەتتىن چۈشكۈنلۈك قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشى مۇقىملىشىپ قالغانىدى» [17]، «مۇھەممەد شەيبانىخان تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق زېمىنلىرىنى قايتا قۇرۇش خام خىيالىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، پورتۇگالىيىلىك بىر ماتروس ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي زەئىپلىك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. بۇنداق زەئىپلىك تاكى XX ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. 1498 - يىلى ۋاسكو داگامانىڭ ئۈمىد تۇمشۇقى ئارقىلىق شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەلقئارا سودا يولىدىكى مۇھىم ئورنىنى بىكار قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىشى، ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» [18]. يەنە بىر تەرەپتىن «ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى ماۋرا ئۇننەھر ۋە خوراسان رايونلىرىنى قايتا تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا دۆتلۈكى چىقىپ تۇرىدىغان يارىماس ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سىرتقى كۈچلەرنىڭ خىرىسى ۋە مۇداخىلىسىگە دۈچ كەلگەن چاغدا، ئۇلار ھەتتا ئۆز ئىچىدىكى جېدەل-ماجىرالىرىنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى..» [19]. شۇنداق قىلىپ، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە قولغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى. ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن ئەمەس، بەلكى گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان زەنجىرسىمان ھالقىدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان. ۋاھالەنكى، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىخىي چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۆتمۈشتىكى سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئىقتىسادىي قاششاقلىق، سىياسىي مۇقىمسىزلىق ۋە روھىي مەھكۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ پىسخىك كىلىمات مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەنىۋى غالىبلىق خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇزاققىچە يېڭىلانماي، تۇرغۇن ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىچكى روھىي تىنىدۇرما بارغانسېرى تىنىپ، قېرىپ كەتتى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك: «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان زۆرۈر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە، مىللەت ئاستا-ئاستا خارابلىشىدۇ» [20]. نەۋائىيدىن كېيىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىمىزدا پارتلاش خاراكتېرلىك پىكىر ئىنقىلابى بولۇپ باقمىدى. نىزامىيدىن باشلىنىپ، نەۋائىي ئىجادىدا يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن «خەمسە» لەر، ئاشىق-مەشۇقلار داستانلىرى، پەند-نەسىھەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، پەيغەمبەرلەر رىۋايەتلىرى كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە تەكرار - تەكرار يېزىلدى. سەۋرچان خەتتاتلار تەرىپىدىن سانسىز قېتىم كۆچۈرۈلدى، موللا خەلپەتلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئوقۇتۇلدى. مەدداھ - ۋائىزلار تەرىپىدىن تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىغا ئايلانغىچە سۆزلەندى... لېكىن بىرلا نەرسە — يەنى پىكىر يېڭىلانمىدى، تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ئىسلاھ قىلىنمىدى، يېڭىلىق يارىتىلمىدى. ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى قاتارلىقلار راستىنلا نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق «ئالتۇن دەۋرى» نى ئاچالىدىمۇ!؟ ئېنگېلس «ئىقتىسادتا قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكرىپكىنى چېلىشى مۇمكىن» [21] دەيدۇ. خەيرىيەت، تېمۇرىيلەر دەۋرىدىن كېيىن كۇنساناپ

ئىقتىسادىي زەئىپلىككە، سىياسىي مەھكۇملۇققا يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا نېمىلەرنى قالدۇرالىدى؟ . . .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، نەۋائىيدىن كېيىنكى بەش ئەسىر بىزگە «ئۇلۇغۋار پەلسەپە» لەرنى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قاتماللىقىنى؛ ئىجادىيەت ئېقىمىنى ئەمەس، بەلكى تەكرارلاش كېسىلىنى؛ ئەقىل مېۋىسىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىكنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئاۋۋالقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان دورامچىلىق، تەكرار يېزىش، ئىجادىيەت ئىلھامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب-پارس مەنبەلىرىدىن ئىزدەشتەك خاھىشلار ئەۋج ئالدى (ئەلۋەتتە بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ تامامەن ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ). ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەرىيىگە كەلگەن چارروسىيە ھەربىي ئەمەلدارى كوروپاتكىن ئۆز دەۋرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دۆلەتتە ئىلىم-پەن ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ دېگەندىن كۆرە، تۈگىشىپ كېتىپتۇ دېگەن تۈزۈك. بۇخارا ۋە ئەرەب ئاپتورلىرى يازغان بەزى ئەسەرلەردىن باشقا، قەشقەرىيىدە تىلغا ئالغۇدەك ئەدەبىيات-سەنئەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان بولساقمۇ، ھېچقانداق يەردە بىرەر كۇتۇپخانا ئۇچراتمىدۇق»[22]. گەرچە، كوروپاتكىن ئۆز خاتىرىسىدە بەزى ئەھۋاللارنى تامامەن مۇتلەقلەشتۇرۇپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بايانلىرى يەنىلا ئۆز دەۋرىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم يازما ماتېرىيال ئىدى. بىز 1859-يىلى قەشقەرىيىگە كەلگەن روسىيىلىك سەيياھ چوقان ۋەلىخانوۋ (1835-1865) نىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ ئۆز دەۋرىدىكى دىيارىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىقىنى كۆرەلەيمىز.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى مەنىۋى چۈشكۈنلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا «ئىشىق» ئوتىغا مۇپتىلا بولغان شاھ مەشرەپ؛ «نە گۇناھ قىلدىم، خۇدا، دۇنيادا مەن بولدۇم غېرىب!»[23] دەپ نىدا قىلسا، شائىر موللا بىلال بىنىنىي موللا يۈسۈپ نازىمى (1822-1900):

ئۆزۈم ئادىمىلەر فەقىرى ئىدىم،
فەقىر نە دېمەكتۇر، ھەقىرى ئىدىم.
ئۇ ئەلدە يۇردۇم يامانلار بىلە،
خەرابات ئىچىرە جەۋانلار بىلە.[24]

دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارال بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاق مۇددەتلىك بۇرۇختۇم مەنىۋى كېلىماتتا ئېغىر غېرىبلىق بوپسىنى ئۆزىنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسىگە يۈدۈپ، رىقابەتكە تولغان XX ئەسىرگە كىرىپ كەلدى.

**▲ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىققا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى.**

مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كېلىمات ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كېلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پىسخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ. ئەرەب ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ كۈچلۈك تەھدىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام روھىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە كونسايىن ئەسلى ماھىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئىسلام مىزانلىرى بارغانسېرى بۆلۈنۈش ھاسىل قىلىۋاتقان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلدى شۇنداقلا پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارىيادەۋرىدىكى ئەسلى مەزمۇنىدىن كۆپ دەرىجىدە يىراقلاپ كەتتى. مەزھەپلەر كۆرىشى، دىنىي تەرەپبازلىق، ئەسەبىي تەركىدۇنياچىلىق ۋە تۈرلۈك-تۈمەن شەرھىي - پەتىۋالار ئېتىقادتىكى كرىزىسنى كۈچەيتىپ باردى. شۇندىن باشلاپ ئورتاق روھىي بىرلىككە ئېرىشكەن مۇسۇلمانلار دۇنياسى مەنىۋىيەتتە چاك-چېكىدىن بۆلۈنۈش، ئىجادىي قۇدرىتى بوغۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. ئارنولد تويىنبى ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى: «زەئىپلىشىش — ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال روي بېرىدۇ»[25].

دەرۋەقە، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىققا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. بەدەخشان ۋە ماۋارا ئۇننەھردە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنالمىغان رىياكار ئىشانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پالانچى پۇشتى» دېگەن پەتىۋانى خۇرجىنىغا يۈدۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ كەلدى. بەدەخشان

ۋە بۇخاراغا پاتمىغان، تېگى - تەكتى گۇمانلىق ئاشۇ بىر توپ پۇرسەتپەرەسلەر قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بەختسىز خەلقنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى؟ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «پۇشتى» لىرى قانداقلارچە پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن مىڭ يىل كېيىن تويۇقسىزلا تارىم ئويمانلىقىدا پەيدا بولۇپ قالدى؟ ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا 5-ئەۋلاد دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ، 1678-يىلى قەشقەرگە جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كىرگىنىدە؛ قارا تاغلىقلار پېشۋاسى بۇرھانىددىن خوجا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى چىللاپ كەلگىنىدە؛ ۋەلىخان تۆرە قىزىل دەرياسى بويىدا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغىنىدا؛ 1865-يىلى ئىلى قوزغىلىڭى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە، قوقاندىن كەلگەن پوچى مەھمۇد ئىسىملىك قېرى خوجا ئۆزىنى «غەۋسۇلئەززەم ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلغىنىدا ۋە قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغىنىدا، نېمە ئۈچۈن ھېچكىم: «ياق، بولدى بەس! پەيغەمبەر پۇشتى مۇنداق نائىنساپ بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ ئۆز تاللىشىمىز بار! . . .» دېيەلمىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن 30-يىللاردا، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا تەپ تارتماستىن دەريا-دەريا قانلارنى تۆككەن جاللات شېڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ: «ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ دېيىلگەن بولسا، چوقۇم شېڭ دوبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى» ㉖ دەپ جۆيلۈپ يۈرەلىدى!؟ . . . روھىي مەھكۇملۇق ئازابىنى يەتكىچە تارتقان، ۋۇجۇدى قۇرۇغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان سوكۇتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ مىللەتنىڭ سانسىزلىغان قاباھەتلىك تۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى بۈگۈنگە ئۇلىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويغا سالىدۇ.

كوروپاتكىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «XIV — XV ئەسىرلەردە، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت نۇرغۇنلىغان تالىپلارنىڭ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ تالىپلار ئەۋلىيا ۋە كارامەتچى دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىسلامىيەتنى تەشۋىق قىلاتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مۇشۇ مەركەزلەردە راۋاجلاندۇرۇلغان بۇ تەلۋىلەرچە ئەسەبىيلىك ۋە ساختىپەزلىكلەر قەشقەرىيىگىمۇ تارقالدى» ㉗. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز قەشقەرىيىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى بايان قىلغان چېغىمىزدا، بۇ ئەلنىڭ تېمۇرلەڭ دەۋرىدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرى ۋە كارامەتچى تېجىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ دۆلەتتە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر» ㉘.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار دەۋرىدە مىللىتىمىز روھىي جەھەتتە مەھكۇملۇققا دۇچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماددىي موھتاجلىق، جىسمانىي سۈپەتتە چېكىنىش، نوپۇسى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشتەك قىسمەتلەرگىمۇ دۇچ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەت گەۋدىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي روھ ۋە ئۆزلۈك ئېڭى بارا-بارا سۇسلىشىپ باردى. XV ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ خوجىلار پاراكەندىچىلىك سالغان دەۋرلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمىز تامامەن دىيارىمىزدا ئىستېمالدىن قېپقالدى. «‹ئۇيغۇر› دېگەن ئېتنىك نام XIV — XV ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا-بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى» ㉙. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ مىللەت نامى بىلەن ئاتالماي، بەلكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شەھەر ياكى يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. خۇددى مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «خوجىلار دەۋرىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، قەشقەرلىك، يەكەنلىك، ئالتەشەھەرلىك، يەتتەشەھەرلىك دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. . .» ㉚. كوروپاتكىنمۇ: «بىز بۇ ئەلدە قەشقەرلىقلەر، يەكەنلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇلۇقلار، كۇچالىقلار ۋە تۇرپانلىقلار دەپ ئاتالغانلارنى ئۇچراتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تائىپىگە كىرىدۇ» ㉛ دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىگە قارىغاندا يەرلىك تار يۇرتچىلىق قارىشى كۈچلۈك بولىدىغان، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز، ھەرقايسى يۇرتلار ئارا پسىخىك خاراكتېر پەرقى نىسبەتەن چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىغا خوجىلار دەۋرىدىلا چوڭقۇر ئىز سالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۈرلۈك مەزھەپتىكى بەدەخشان خوجىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ھەدەپ مۇرىت توپلاپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا، نەچچە ئونلىغان ئۇششاق مەزھەپلەرگە بۆلۈپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تارىم ۋادىسىدا مىللەتنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي ئاڭ ئاجىزلىشىپ، ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز ئارا شەرت قىلمايدىغان، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىنى ئەمەس، بەلكى تار يۇرتچىلىق كاتېگورىيىسىنى ئۆز غايىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى ھېسابلايدىغان ئىچكى چېچىلاڭغۇ پسىخىكا شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن تارتىپ تاكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى غۇلىغانغا قەدەر تارىم ۋادىسىدا تىنچلىق موللا مۇسا سايرامى ئېيتقاندەك «گويا سۇمرۇغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى». تۈگىمەس ئۇرۇش-جېدەللەر، ئەسەبىيلەرچە تەرەپبازلىقلار، پىر-ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزالار مىللەتنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى خورىتىپ، روھىي

哈密师范学校 86 电教班 于光成



خامۇشلۇق گىردابىغا ئېلىپ باردى. نوپۇس زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. كوروپاتكىننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوجىلار يېغىلىقى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرىيىدىن 100 مىڭ كىشى خوجىلارغا ئەگىشىپ قوقانغا قاچقان. ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى قوقان تەۋەسىگە يېتىپ بارغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپچىلىكى زېمىستان قىشنىڭ قار-شىۋىرغانلىرىدا ئاچ-يالىڭاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، 1857-يىلى ۋەلىخان تۆرە قوقانغا قاچقاندا قەشقەرىيىدىن يەنە 15 مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوقانغا سەپەر قىلغان. [32] خوجىلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلىرى ۋە يېڭىلگەن ھامان بەدەخشان، قوقانلارغا قېچىشلىرى داۋامىدا تۇركۇم-تۇركۇم خەلقىمىز ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان. «خوجىلارنىڭ قەشقەرىيىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بۇ ئەلگە زور زىيان كەلتۈردى. بىر قانچە مىڭ بىگۇناھ ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ باش جىنايەتچىلىرى ۋە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى بولسا ئۆلجىلىرىنى ئالغاچ قېچىپ كېتىپ خاتىرجەم ياشاۋەردى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن يەرلىك خەلق مىسلىسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى...» [33]

ئىسلام دىنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئەقىلنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق مىزانلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىنساننىڭ ئەقلىي ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىغا مەركەزلەشكەندى. ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىدىكى ئىنسان قىممىتى نۇقتىئىنەزەرىنى «قۇرئان» دىكى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغانلىقى، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغانلىقى، قەلبىگە ئاللا سىرلىرى كۆمۈلگەنلىكىدەك بىر قاتار بايانلار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ گۈللىنىشىگە ئىسلام روھىدىن قاناتلانغان ئەقلىي تاكامۇللۇق ۋە ئىزدىنىش روھى سەۋەب بولغانىدى. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىپ قالدى. ئىسلام دىنى بىر ئەقلىي دىن بولۇشىغا قارىماي كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەقلىي تەپەككۇرىمىز نېمە ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىپ كەتتى؟ نەۋائىيدىن كېيىنكى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى؟... ئىنسانىي ھوقۇقىمىز، كىشىلىك غۇرۇرىمىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز چوقۇنغان، ئىخلاس قىلغان «پىر»، «ئەۋلىيا»، «ئۇلۇغ» لار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى؟...

شۇنىسى ئېنىقكى، خوجا — ئىشان، پىر — ئەۋلىيالار تەرغىب قىلىۋاتقان تەركىيدۇنياچىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىغا تۈپتىن زىت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنمەنچىلىكى ۋە سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئېقىم بولغان سوپىزمنى زور دەرىجىدە بۇرمىلىدى ۋە ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئۇلار تەرغىب قىلغان زاھىدلىق، قۇلچىلىق ۋە پىر — ئۇستاز تۇتۇش تەشەببۇسلىرى ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىغىلا زىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «قۇرئان» سۈرىلىرىگىمۇ زىت ئىدى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. مىللىتىمىزنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن قېتىلغان، ئەسەبىي تەرەپبازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىغا خوجا-ئىشانلارنىڭ ئىنسان تەبىئىيىتىگە قارشى پەتىۋالىرى سىڭىپ كەتتىكى، «قۇرئان» دىكى «ئۇلار ‹قۇرئان› ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟» [34] دېگەن ئايەتلەرگە ئورۇن قالمىدى. ئۇلار بەدەخشانلىق كاززاپ خوجىلارغا ئەگىشىپ، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا، بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، مازار-خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدىكى، ھەرگىزمۇ: «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز ھەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر بولغان قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى[35]. ھەتتا ئۆزىنى پىر — ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغان قوقانلىق ئاققۇن-پوچى مەھمۇد «دەرەخنى زەمبىرەكتەك ئاتالايمەن» دەپ ساختىپەزلىك قىلغىنىدا، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى «ئىلى سۇلتانى» دەپ جاكارلىغىنىدا، قان كېچىپ جەڭ قىلغان قوزغىلاڭچى ئامما سۈكۈت قىلدىكى، بىر ئېغىز قارشىلىق قىلمىدى. «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم قوللانغان تارىخچى ھەم ئەدىب نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئىلى قوزغىلىڭى توغرىلىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «... ھۆكۈمەت خوجىلار قولىغا كىرگەندىن كېيىن، تارانچى دىيارىدا تىنچلىق — ئاسايىشلىق يوقاپ كەتتى. ئەمما خەلقىمىز خوجاملارغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئۇلارغا قارشى سۆز ئېيتىشتىن قورقاتتى. چۈنكى خوجىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان دەپ قارىلاتتى. بۇ بەۋەك خوجىلار ئۇيغۇر بالىلىرىغا نېمىلەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىز! ئافاق خوجا ئالتىشەھەرنى قالماقلار قولىغا تاشلاپ بېرىپ، خورلۇققا خاتىمە بەردى. خوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بالىسى بولمىدى، تولىراقى بۇ ئىشنى تەقدىرگە جورىدى.

پەلەكنىڭ چەرخى چۆرۈلدى، جاھاننى ئالدى قۇتاجى،
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق، ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

دەپ ئافاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇيغۇرلارنى ئاق تۇغ، قارا تۇغقا ئاجرىتىپ، شەھەرلەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى، بۇنى ھەم كارامەت دەپ سانىدى. ئەھمەدخان خوجا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى ئۆلتۈرۈپ، تارانچىلارنىڭ داڭلىق سەردارىنى يوقاتتى. قېرى خوجا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. بىچارە ئۇيغۇرلار قارىغۇلارچە ئېتىقادلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، خوجىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە زۇۋان سۈرمىدى. ھېلىھەم ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بېشىغا بىرەر بالا كەلسە، خوجاملاردىن مەدەت

سورايدۇ، بىرەر قازاغا ئۇچرىسا خوجىلار نامىغا چىراغ ياقىدۇ ۋە خەتمە-نەزىر بېرىدۇ. مانا بۇ جاھالەت! . . .» ㊱

مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى مۇنداق چېكىدىن ئاشقان مەھكۇملۇق تارىم ۋادىسىدا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانىي ھوقۇق، كىشىلىك قەدىر-قىممەت ۋە ئادىمىي تەلەپلەرنى كۆندىلىك تۇرمۇش كۆنتەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. خەلق «پىر»، «ئۇستاز» دەپ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قوقانلىق قوغلاندى خوجىلارغا باش قويغىنى بىلەن، بىراق ئۇلار بولۇپمۇ «قوقانلىقلار ھىمايە قىلىپ تۇرغان ۋەلىخان تۆرە يەرلىك ئاھالىنى ناھايىتى پەس كۆرەتتى» ㊲. ۋەلىخان تۆرە ئۇششۇقلۇقتا ئۇچىغا چىققان سىياسىي پۇرسەتپەرەس بولۇپ، دۇنيا دېموكراتىك ئىدىيىلەر دەۋرىگە كىرگەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ قەشقەر قىزىل دەرياسى بويىدا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان. خەلق «ئۇلۇغ» لار دەپ ئەگەشكەن بۇ ئاتالمىش «پەيغەمبەر پۇشتى» لىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قايسىبىر مىزانىغا باب كېلىدۇ؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسىبىر كۆرسەتمىسىگە توغرا كېلىدۇ؟ دەرھەقىقەت، خوجىلارنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنى ئىسلامىيەتتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن، ئويدۇرما سەپسەتە، خالاس. ئىسلام دىنى قېرىنداشلار ئارا قان تۆكۈشنى ئەمەس، بەلكى مېھرىبانلىقنى، كەڭ قوللۇقنى ۋە چىن دوستلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان» دىكى «سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن» (3:195)، «سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر» (4:25)، «كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللانىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» (4:14) دېگەن ئايەتلەر شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان سانىلىدىغان بۇنداق ھوقۇقنى ئاللا مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ بەرمىگەن. ھالبۇكى، خوجا-ئىشانلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تەپ تارتماستىن ئاللا نامىدىن سانسىزلىغان پەتىۋالارنى توقۇپ چىقاردى. ۋەلىخان تۆرە ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردە «ئالتە ياشتىن يۇقىرى بارلىق ئەرلەرنى باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە كۈنىگە بەش قېتىم مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ مەسىلىدە ۋەلىخان تۆرە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلغان. بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەشقەردىكى قىزىل دەرياسى بويىدا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن بىنا بولغان ئادەم كاللىسى مۇنارىسى (پىرامىدا) بارغانسېرى ئېگىزلەۋەرگەن. گۇناھكارلارنىڭ باشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىش — ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەرمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنەپ قويغان بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ھېسابلىسا بولىۋېرەتتى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولفۇس شلاگىنتۋېيت (AdolfusSlagintvyt) دەل ئۇنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. . .» ㊳. بەدەخشان ۋە قوقانلاردىن ئېقىپ كەلگەن قوغلاندى خوجا-ئىشانلار پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈپ، قانچىلىغان قىرغىنچىلىقلار ۋە بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىتىمىزنى روھىي جەھەتتىن قاتتىق چۈشكۈنلىككە گىرىپتار قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ ۋە ياشاش ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تەركىيدۇنياچىلىق، زاھىدلىق، مەنىۋى قاششاقلىق يولىغا كىرىپ كەتتى. ئاۋات بازار-رەستىلەر چۆلدەرەپ، كوچىلار سۆرۈنلىشىپ، خانىقا-گۆلەخلەر، قەبرىستان-مازارلار قوللىرىغا ساپايى ئېلىپ، ھۇم-ھۇم سېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولدى. ئىنسان قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز تارىختىكى ئەڭ پاسسىپ سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەنزىرىلەردىن ئازابلانغان مەشرەپ:

هەقىقەت كوچاسىدا رەھنەمائى ئىنتىزارىڭمەن،
تەمامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دەيمەن!

دەپ نىدا قىلغان بولسا، خاراباتى رىياكار خوجا-ئىشانلارغا تىغ تەڭكۈزۈپ:

مەقسەدى خەلق ئېچرە تاپماي ئىززەتنى،
شۇل زەمان بەرباد ئەتكەي مىللەتنى.

دەپ يازدى. زەلىلىمۇ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى پىيادە كېزىپ چىقىپ، ھەسرەتلىك قەلىمىدىن مۇڭلار تۆكۈپ:

بۇ پىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەف يۈز شىرۇ ئەجدەرھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردەئى غەفلەت، نۇر ئەيان بولماس.

دەپ يازدى. ئارىدىن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تراگېدىيىلىك سەرگۈزەشتىلىرىگە شاھىد بولغان تارىخچى موللا مۇسا سايرامى غەزەپ بىلەن:

كېچىلە ئۇيۇماي «ھۇۋ-ھۇۋ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازغۇزۇپ يولدىن زەلالەت.
بۇ كۈندە نەفسىگە قۇل ھەممە ئىشان،
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟!

دەپ شىكايەت قىلدى ۋە ئاتالمىش خوجا-ئىشانلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، XVI ئەسىردە يىپەك يولى تامامەن خارابلاشقاندىن كېيىن، شەرقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى تەپرىقىچىلىقتا تولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارالغا ئايلىنىپ قالغاندى. گەرچە «ئەقلىيلىكتىن خالىي قاباھەت ۋە ئاجىز سىياسىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خوجىلار دەۋرىدىكى قەشقەرىيە تاكى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىسلام دۇنياسى بىلەن ناھايىتى سۇس بىر خىل روھىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ

كەلگەن»㊴ بولسىمۇ لېكىن بۇنداق ئاجىز مەنئۇى ئالاقىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ بارغانسېرى چۆلدەرەۋاتقان روھىي دۇنياسىغا مەلھەم بولالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈنسېرى شەلۋەرەپ كېتىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك روھىي ئۆسمىنى داۋالىغۇدەك قۇربى قالمىغانىدى. كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان غەرب دۇنياسىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ئۇ جىددىي ئىسلاھاتقا موھتاج ئىدى. شۇڭلاشقا روھىي يېتىملىك، بېكىنمە پىسخىكا ۋە قارىغۇلارچە ئېتىقاد تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان مەنئۇى تارتقۇلۇقى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ بەختسىز بىر سەھىپىنى ئاچتى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «يېپەك يولىنىڭ تەدرىجىي خارابلىششى ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى بېكىنمە ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە شىنجاڭدىكى ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. . . بولۇپمۇ ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان تۆرە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇش، سەئىدىيە ۋە ئەرشى ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىش، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھامىيلىقىدا قايتا جۇلا قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ ئىلغار يۆنىلىشلىرىنى ئىشانچىلىق چۇقانلىرى ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتا خەلقىمىز تارىخىدىكى لەنەتلىك سىمۋولغا ئايلاندى. ئۇلار ئىنسانپەرۋەر مەشرەپنى، زەلىلىنى تەركىدۇنياچىلىق دەشتىگە تاشلىدى. لىرىك شائىر خوجا ياقۇپ ئەرشى ۋە فۇتۇھىنى جاللاتلىق قىلىچى ئاستىغا باستى. كۆپلىگەن ھالال ئەمگەكچىلەر كاللىسىدىن ئايرىلدى، باش سۆڭىكىدىن قەشقەر قىزىل دەريا بويىغا تۆت كاللا مۇنارى ياسىدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ قەلىمىنى زار يىغلاشقا مەجبۇر قىلدى»㊵. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان جاھالەت ۋە بەختسىزلىك مىللىتىمىزنىڭ كېسەلمەن روھىيىتىنى يۇدۇپ X X ئەسىر بوسۇغىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە يېڭى بەختسىزلىكلەرگە زېمىن ھازىرلىدى.

**▲ مۇسۇلمانلار شەرقى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى، ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى. ئۇچ نەپەر سەيياھ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئۆزىدە قىلچە ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىچكى ئېنىرگىيە ھازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى.**

ياۋروپا ئويغىنىشى گەرچە ئىلىم-پەن ۋە ئەقىل ئىنقىلابىنى ئۆزەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مارتىن ليۇتېر㊶ نىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن ئويغىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلاردىن ئىلھاملانغان ياۋروپا ناھايىتى تېزلا چىركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

لېكىن، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەنلەردە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بىر پەيتتە، مۇسۇلمانلار شەرقىدە تامامەن باشقىچە بىر خىل ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بىر مەھەل كۈچىيىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھامىيلىق قىلغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى X Ⅷ ئەسىردىن باشلاپ، ئاستا-ئاستا زەئىپلىشىپ، بىر كېسەلمەن گەۋدىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئىستېلا قىلغان زېمىنلىرى بىر-بىرلەپ قولدىن كېتىشكە باشلىدى. 1798-يىلى فرانسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئوسمان تۈركلىرى كونتروللۇقىدىكى مىسىرنى بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى مىسىر ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇندىن باشلاپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىسمىدىكى زېمىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن كەتتى. ئاسىيادا ئىراننىڭ تەھدىتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. چارروسىيىنىڭ قارا دېڭىز، كافكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ھۆكۈمرانلىق چەمبىرىكىنى قەدەممۇ قەدەم تارايتىپ باردى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك، بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، «كۈچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دورىدەك تېشى پال-پال ئىچى غال-غال بولۇپ قالغانىدى». بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نوپۇزى ۋە يېتەكچى ئورنى بارغانچە تۆۋەنلەپ، چاك-چېكىدىن پارچىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ مۇستەملىكچى-لىك ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى-نىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان خىرىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۆھران پەيدا قىلدى. ھالسىراپ قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربنىڭ تەھدىتىنى توسۇيالىشى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا قايتا ھامىيلىق قىلالىشى مۇمكىن بولماي قالدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى. ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى!

مانا مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا «ۋاھابىيلار ھەرىكىتى» مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام شەرقىدە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ۋاھابىي ھەرىكىتى X Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى مۇھەممەد ئابدۇل ۋاھاب (1703-1791) بولۇپ، كېيىنچە بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ۋاھابىيلارنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە ئىسلام شەرقىدە ئەۋج ئالغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئادەت-يوسۇنلار ۋە تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى بىكار قىلىپ، ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش؛ پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارىيا دەۋرىدىن كېيىن قوشۇلغان بارلىق غەيرىي قائىدە-قانۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، «قۇرئان» روھى ۋە ئەسلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قايتىش؛ ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارغا ۋە مازار-ماشايىقلارغا تاۋاپ قىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، «قۇرئان» روھىدىن چەتنىگەن، ئاللا بىلەن

ئۇنىڭ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى مەۋجۇت دېگەن پەتىۋالارغا رەددىيە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ۋاھابى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەنە «ئەسلى ماھىيەتكە قايتىش» شەكلىدە ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە «بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بەندىلەرنىڭ ھامىيىسى ئەمەس، مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ ‹ئاخىرقى سوراق كۈنى› دىن باشقا ئىمتىياز بېرىلگەن ئەمەس، مەككىنى تاۋاپ قىلىش مۇتلەق شەرت ئەمەس ئىدى» ㊷. ۋاھابىيلارنىڭ دىنىي ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتىكى قاراشلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا نۇرغۇنلىغان غەيرىي ئېلېمېنتلار، ناتوغرا چۈشەندۈرۈشلەر قوشۇلغان بولۇپ، ئەقىدە زور دەرىجىدە ئەسلى ماھىيەتتىن چەتنىگەنىدى. يېقىنقى زامان ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققانىدى. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش ۋە ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش زۆرۈر ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار «قۇرئان» نى ئېتىقادنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ «قۇرئان» تەپسىرى ھەققىدىكى شەرھىلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «قۇرئان» نى چۈشىنىشتىكى بىردىنبىر تەپسىر بولالمايتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار «قۇرئان» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشى ۋە «قۇرئان» روھىغا قايتىشى كېرەك ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ۋاھابىيلار ئەسلىدىكى ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى ئىسلام شەرىئەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار «قۇرئان» دىن چەتنىگەن بارلىق جەمئىيەت تۈزۈملىرىنى — كەسپىي ئەمەل-دەرىجىلەرنى، ئارتۇقچە ئادەت-يوسۇنلارنى، قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملارنى بىكار قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇشنى، ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

ۋاھابىيلار ھەرىكىتى يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدا كۆلىمى زور، تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى ۋە ئىسلاھ قىلماقچى بولغانلىقى تۈپەيلى، قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن غازاتچىلار ھەرىكىتى، ھىندونېزىيەدە پارتلىغان بەدرى ھەرىكىتى، شىمالىي ئافرىقىدىكى سەينۇش ھەرىكىتى، سۇداندىكى مەھدى ھەرىكىتى، ئىراندىكى باب ھەرىكىتى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى قوزغىغان پانئىسلامىزم ۋە قازان، قىرىم، ئوتتۇرا ئاسىيالاردا مەيدانغا كەلگەن جەدىتىزم ئېقىملىرىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

«XIX ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى ‹ئەسلىگە قايتىش› شەكلىدە ئەمەس، يەنە ‹ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش› شەكلىدە مەيدانغا چىقتى» ㊸. جامالىددىن ئافغانىي (1839-1897)، سەئىد ئەھمەدخان (1817-1898) ۋە مۇھەممەد ئابدۇ (1849-1905) قاتارلىق ئۈچ شەخس XIX ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خامادان شەھىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام تەلىماتلىرى ۋە «قۇرئان» نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىگەن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاجىرلىق ھاياتى داۋامىدا ھىندىستان، ئافغانىستان، مىسىر، ئىستانبۇل، روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي كرىزىسنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II (1876-1909 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) گە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋە سىياسىي غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەكتۇپى سۇلتانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، مىسىر ئارقىلىق ياۋروپاغا چىقىپ، لوندۇن، پارىژلاردا گېزىت چىقارغان ۋە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان. 1893-يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن، بىراق نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرغان.

جامالىددىن ئافغانىي بىر كەسكىن دىنىي ئىسلاھاتچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېتىلگەن پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىگە مۇئەييەن سىياسىي مەۋقە يانداشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قاراشلىرى XIX ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىر ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا غەرب ئالىملىرى ئۇنى «شەرقنىڭ ليۇتېرى» دەپ ئاتىدى ㊹. ئافغانىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەقلىي پرىنسىپلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانىدى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ پەلسەپىسى بولماي تۇرۇپ، ئېرىشكەن ۋە ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىر ئەسىرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە پەلسەپىۋى روھقا باي ئەمما كونكرېت ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى كەمچىل مىللەت ھامان ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى روھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىلىم-پەندە يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ، ئىسلام دىنى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتىي كۈچىنى

جارى قىلدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق نۇقتىنى تەكىتلىدى، يەنى بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلاردىكى پەلسەپە نامراتلىقى، ئىلىم-پەن روھىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە سىرتقى يېڭى مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، چۈنكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتنى تونۇش ۋە ئىزدەشتە، بۇ نۇقتىدا ئىسلام دىنى پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن روھى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەننىڭ دۆلەت، مىللەت چېگرىسى يوق، شۇڭا مۇسۇلمانلار دىن بىلەن پەننى تەڭ ئۆگىنىشى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ، سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ ناتۇرالىزم ۋە قارىغۇلارچە غەربكە چوقۇنۇش خاھىشىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ، مۇسۇلمانلار زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام ئېتىقادىدا تەۋرەنمەسلىكتە ئىپادىلىنىشى كېرەك، بىر مىللەت مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل ئىلمىي سۈپەتكە، گۈزەل ئەخلاقىي ساپاغا ۋە مىللىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. جامالىددىن ئافغانىي 1870-يىلى ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «بىنىر مىللەتكە نىسبەتەن پەلسەپە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. پەيلاسوپلار بىلەن دىن پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى پەيغەمبەرلەر ئىلھام ۋە ۋەھىي ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ، پەيلاسوپلار بولسا تەپەككۇر ئارقىلىق ھەقىقەتنى تاپىدۇ؛ پەيغەمبەرلەر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ، پەيلاسوپلار تونۇش جەھەتتە خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى دەۋر چەكلىمىلىكىگە ئۇچرايدۇ، پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ...» (45) ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ھەر بىر دەۋرنىڭ ھەممىسى بىردىن پەيغەمبەرگە موھتاج بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ قانۇنى ھەر قانداق دەۋردە ئۆز مۆمىنلىرىنى تەربىيىلىيەلەيدۇ. لېكىن ھەر بىر دەۋر ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەيلاسوپلارغا موھتاج! پەيلاسوپلار ۋە دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇتەپەككۇرلارسىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ...» (46)

جامالىددىن ئافغانىي يەنە ئۆز تەشەببۇسلىرىدا، مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە ئىسلاھاتقا موھتاج. دىنىي ئىسلاھات ھەرگىزمۇ مىللىي تەرەققىياتنى چەتكە قاقمايدۇ. «بۇگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنى بىر كېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مۇھەممەد بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى، بارلىق مۇسۇلمانلار بولسا بۇ مۇقەددەس كېمىدىكى يولۇچىلاردۇر. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ مۇقەددەس كېمە دېڭىزدا تۇيۇقسىز بوران-چاپقۇنغا ئۇچراپ قالدى ۋە چۆكۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار» (47) دەپ قارىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، دۇنيادىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ گۈللىنىشكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقىدا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، مىللەتنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە مىللىي ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇشى زۆرۈر دەپ قارىدى.

ئىككىنچى، دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، غەرب دۇنياسى مارتىن ليۇتېرنىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ئېرىشتى. ئىسلام دىنىمۇ مۇشۇ يولنى تاللىشى زۆرۈر. لېكىن ئىسلاھات ئىسلام پرىنسىپى ۋە «قۇرئان» روھىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، بولمىسا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قالىدۇ، دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئىلىم-پەن روھىنى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى قىلىش كېرەك. تارىختىن بۇيان ئىسلام ئۆلىمالىرى «قۇرئان» نى ئۆز دەۋرىدىكى شارائىتقا يارىشا ئىزاھلىغان. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ شەرھى-ئىزاھلىرى ئاللانىڭ كىتابىدىكى بىلىمگە نىسبەتەن «دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ»، خالاس. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىي - مائارىپ بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم دەپ كۆرسەتتى. ئافغانىي يەنى «ئاللا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىرى ‹قۇرئان›، يەنە بىرى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم» (48) دەپ ھېسابلىدى.

تۆتىنچى، ئافغانىي ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇردى. ئۇ، دىنىي مەزھەپچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ غەربنىڭ تەھدىتىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۆزئارا تىركىشىشىنى تارىختىكى ئاز سانلىق ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمەلىيەتتە مۆمىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قىلچىمۇ پايدا-زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىدى.

بەشىنچى، ئۇ ئەنئەنىۋى شەكىل بىلەن زامانىۋى مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنداقلا ئىسلاھاتنى دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قايتىدىن ئىزاھلاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشنى، «قۇرئان» نى يېڭىباشتىن چۈشىنىشنى ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن، ئەقلىي تەپەككۇرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ماسلاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇل، قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەردە ھەدەپ ئۆزىنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان پەيتتە، شىمالىي ھىندىستاندا سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى ئىسلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

سەئىد ئەھمەدخاننىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى

ئىككى مۇھىم تەرەپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ بىرى ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋەلىئۇللا شاھنىڭ ئىلغار دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى، يەنە بىرى غەربنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەسىرى ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەھمەدخاننىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتى: بىرىنچى، ئۇ ئىلمىي مۇلاھىزە، ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ناتۇرالىزم نۇقتىئىنەزەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى شەرھلەشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئىككىنچى، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى؛ ئۈچىنچى، زامانىۋىلىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئىسلام قانۇنلىرىنى ئىزاھلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

مۇھەممەد ئابدۇ مىسىردا تۇغۇلغان بولۇپ، جامالىددىن ئافغانىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسىگە مىسىرنىڭ ئازادلىقىدىن ئىبارەت مىللىي ھېسسىياتمۇ سىڭگەنىدى. مۇھەممەد ئابدۇنىڭ كۆپلىگەن قاراشلىرى جامالىددىن ئافغانىي بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن قاراشلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ، تارىختىن بىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەقلىيلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئىنسان ئەقلى پەقەت ئاللانىڭ ئىرادىسى يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، دېگەن قاراشقا باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاللانىڭ بىرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «‹قۇرئان› ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەقىلنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، چىنلىق ۋە ساختىلىق شۇنىڭدەك راست ۋە يالغانغا ھۆكۈم قىلىشتا ئەقىل ئەڭ ئاخىرقى سوتچىدۇر. . . ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ئاللانى تونۇيالايدۇ. ئەقىلنىڭ ئىلھامى ۋە لوگىكىلىق خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىنى، كائىناتنىڭ ھەممىگە قادىر ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، ئەقىل بىلەن ئاللانىڭ ۋەھيىسى بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن ئاللانىڭ ۋەھيىسى مۇتلەق ھەقىقەت، ئىنساننىڭ ئەقلىي پائالىيىتى بولسا بەزىبىر خاتالىقلاردىن ساقلىنالمايدۇ. ‹قۇرئان›دا ئەقىلگە سىغمايدىغان مەزمۇن يوق، بەزى سۈرە-ئايەتلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى چەكسىز بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىي كونتېكست ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. . .»[49]

جامالىددىن ئافغانىي، سەئىد ئەھمەدخان، مۇھەممەد ئابدۇ قاتارلىق ئۈچ مەشھۇر شەخسىنىڭ دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى X IX ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ روھىي ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى قايتا بايقىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كونسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزماقچى بولدى. 1839-يىلى مۇستاپا رەشىد پاشا ئىنسان ھوقۇقى (كىشىلىك ھوقۇق) نى كاپالەتلەندۈرىدىغان خېتاپنامىنى ئېلان قىلدى ۋە ئاۋام پۇقرا قانۇن ئالدىدا باراۋەر، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئابرويى ۋە مال-مۈلكى دەخلى-تەرۇزسىزدۇر دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن تاكى 1876-يىلىغىچە داۋاملاشقان «تانزىمات» (ئىسلاھات) دەۋرى باشلاندى. «تانزىماتچىلار» ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى، ئارمىيىنى، مالىيە تۈزۈلمىسىنى ۋە مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۆلەتنى دىنىي شەرىئەت ۋە ھاكىممۇتلەقلىقتىن قانۇن-تۈزۈم يولىغا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1850-يىلىدىن باشلاپ ياۋروپا قانۇنلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان «سودا قانۇنى»، «جازا قانۇنى» ۋە «خەلق ئىشلىرى قانۇنى» ئېلان قىلىندى. گەرچە «تانزىمات ھەرىكىتى» 1877-يىلى تەختكە چىققان سۇلتان ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

ئىسلام شەرقىدە جىددىي ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھات قانات يېيىۋاتقان بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ئاجايىپ ئېغىر تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملار، ئىسلام ماھىيىتىدىن چەتنىگەن غەيرىي ئەقىدىلەر، سوپى-ئىشانچىلىق، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت تەركىيدۇنياچىلىق، مازار-خانىقالارنى ۋەتەن تۇتۇش، روھىي مەھكۇملۇق پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى قاپلىغانىدى، دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى ۋە ئىلغار دېموكراتىك پىكىرلەر بۇ يەر ئۈچۈن تېخى كۆپ بالدۇر ئىدى. X IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن X X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان ئۈچ نەپەر سەيياھنىڭ دىيارىمىز ھەققىدە قالدۇرغان يازما خاتىرىلىرى بىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دەرۋەقە، مۇشۇ دەۋردە ئۈچ نەپەر سەيياھ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قەشقەرىيىگە كەلگىنى قازاق مىللىتىدىن بولغان چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوۋ (1835-1865) دۇر. چوقان ۋەلىخانوۋ رۇس ھەربىي مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن ئوفىتسېر بولۇپ، چارروسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ۋە قازاق چوڭ يۈزىنى قوشۇۋېلىشىدا زور كۈچ چىقارغانىدى[50]. ئۇ، 1856-يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جۇڭگو بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ، غۇلجا سەپىرىدىن كېيىن، تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ «ئىسسىق كۆلگە سەپەر خاتىرىسى»، «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئۆلكىسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «قىرغىزلار توغرىلىق مەلۇماتلار»

قاتارلىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە رۇس ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1857-يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن چوقان روسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

1858-يىلى 28-ئىيۇندا چوقان ۋەلىخانوۋ چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قەشقەرىيىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، قەشقەردە 1858-يىلى 1-ئۆكتەبىردىن تارتىپ 1859-يىلى مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جەمئىي 5 ئايدەك تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا قەشقەر ۋە ئالتەشەھەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ. تەرەپ-تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ ۋە نۇرغۇن تارىخىي قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ، روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن 1859-يىلى كۈزدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى چار پادىشاھقا يوللايدۇ. مۇشۇ دوكلات ئاساسىدا ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىپ كەينىدىنلا گېرمانىيىدە گېرمانچە تەرجىمىسى، 1865-يىلى لوندوندا ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشىر قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار ئۇزاقتىن بۇيان سىرلىق ماكان سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن تارىم ۋادىسى تۇنجى قېتىم يېقىنقى زامان غەرب ئىلىم دۇنياسىغا بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. رۇس ئالىملىرى ۋە سىياسىئونلىرى بۇ ئەسەرنى شەرقنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ياۋروپا ئىلمىنى تولۇقلىغان ھەقىقىي جۇغراپىيىلىك يېڭىلىق دەپ باھا بېرىدۇ. كوروپاتكىنمۇ «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە: «قەشقەرىيە — ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، كەم ئۇچرايدىغان ئەمما كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر يەر. كىمكى بۇ يەرنى مەلۇم دەرىجىدە پۇختا تونۇشنى خالايدىكەن، ئۇ پىرژىۋالسكىنىڭ ‹غۇلجىدىن تەڭرىتېغى ئارقىلىق لوپنورغا بېرىش›، دېگەن ئەسىرى بىلەن ۋەلىخانوۋنىڭ ‹ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى›، ياكى ‹چىنى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر› دېگەن ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ» [51] دەپ تەكىتلەيدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي قىزىقىشى ۋە نوقۇل ئىلمىي تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ پەردە ئارقىسىغا چارروسىيىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە ئاخبارات ئىگىلەش مۇددىئاسى يوشۇرۇنغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى تەقدىم ئەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسىملىرى رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىدى. ئەمما جەمئىيىتىمىز ئەزاسى پ. سېمېنوۋ تيانشانىسكىي يەكەن، يېڭىسارغا قارايدىغان جايلارنىڭ بىرى بولغان نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بارالىدى. مەن بولسام تەڭرىتېغىنى ئىككى يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر، يېڭىسار ئەتراپلىرىغىچە ھەتتا بۇ شەھەرلەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قۇملۇقلارغىچە كېزىپ چىقتىم. ئەمما قوقان خانىنى تەختتىن چۈشۈرۈش بىلەن ئاياقلاشقان سىياسىي ۋەقەلەر قەشقەرىيىگىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلگەنلىكتىن پۈتۈن جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ شەھەر يەكەننى كۆرەلمەي قالدىم» [52]. چوقان ئۆز خاتىرىسىدە قەشقەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ «كىچىك بۇخارا» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، كىشىلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىغا ئامراقلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، يەنە ئادەم كاللىسىدىن ياسالغان مۇنارلار، شەھەر ئىچىدە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز خادىلارنىڭ ئۇچلىرىغا سانجىپ قويۇلغان ئادەم باشلىرى، خوجىلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە چەتئەل سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ [53]. بولۇپمۇ ئۇنى قاتتىق ئېچىندۇرغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىن كۈنگە قاغجىراپ كېتىۋاتقان روھىي دۇنياسى، نادانلىقى ۋە قالاق ھالىتى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھازىر بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدەك شېئىر، قوشاق، غەزەللەرنى يازمايدۇ. ئاسترونومىيە جەدۋەللىرىنى تۈزمەيدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەر كۈنلۈكى دەبدەبىلىك ھالدا مەسچىتلەرگە كىرىشىدۇ. باشلىرىنى تىقىشىپ موللىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، مەيدانغا چىقىپ ئۇسۇشۇشقا كۆندۈرۈلگەن ئىككى قوچقارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈشىدۇ. ئىككى قوچقارنى باشلىرى يېرىلمىغىچە ئاجراتمايدۇ، ئىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن كۆزلىرىنى قىزارتىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز قوچقارلىرىنىڭ دۈمبىسىگە 40 چىۋىق، بېقىنىغا 40 چىۋىق ئۇرۇشىدۇ. . .» [54] دەپ يازىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن بۇيانقى ئۇزاق يىللاردا، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، ئىچكى نىزا-زىددىيەتلەر ۋە ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان دىنىي ئاسارەتلەر مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىغا پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانىدى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشكە، تەرەققىياتقا ۋە ئىسلاھاتقا يۈرۈش قىلىۋاتقان بىر دەۋردە گويا دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك جاھاندىن خالىي، بېكىك مۇھىتتا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئىنسان قىممىتى ۋە ياشاش ھوقۇقى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشمىدى، بەلكى تەركىدۇنياچىلىق يولىغا كىرىپ خانىقا-مازارلاردا «ھۇم-ھۇم» سېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى؛ ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان «قۇرئان» ئۈستىدە ئەقلىي تەپەككۇر قىلمىدى، بەلكى

ئوت قويرۇق «پىر-ئەۋلىيا» لارنىڭ بىمەنە پەتىۋالىرىغا دوم چۈشۈپ ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتى؛ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە زەررىچە باش قاتۇرمىدى، بەلكى ئارقا ھويلىدىكى خوتۇنلىرىنى قانداق باشقۇرۇش، خورازلىرىنى قانداق سوقۇشتۇرۇش، قوچقارلىرىنى قانداق ئۇسۇشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە كۈن ئۆتكۈزدى. . . بۇنداق چېكىدىن ئاشقان روھىي بېكىنمىچىلىك ۋە تار جاھاندارچىلىق تارىم ئويمانلىقىدا ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسىنىڭ بىر قانچە ئەسىر داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار ئۇچۇن قانۇن ئېڭى ۋە ياشاش ھوقۇقى تۇرمۇش كۈن تەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلانغان نەرسىلەر ئىدى. كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قانچىلىغان بىگۇناھ پۇقرالار ۋەلىخان تۆرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىغا بوينىنى تۇتۇپ بەرگەن ئاشۇ ۋەھىملىك دەقىقىلەردىمۇ «بۇ نېمە ئۇچۇن؟» دېگەن سوئالنى سوراپ قويۇشمىغانىدى. مونتېسكيۇ ئۆز دەۋرىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالسىراپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى يۆلەپ تۇرغۇچى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى توغرىلىق مۇنداق يازغانىدى: «كىشىنىڭ كەيپىياتى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ئادىتىگە ماس كېلىپ قالىدۇ. سەككىز كۈن قاماش ياكى ئازراق جەرىمانە قويۇش مۆتىدىل ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا ياشاۋاتقان ياۋروپالىققا نىسبەتەن خۇددى بىر قولى كېسىپ تاشلانغان ئاسىيالىقنى قورقۇتقاندەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. . . بىر فرانسوز مەلۇم بىر جازاغا ئۇچرىسا ياكى نامى بۇلغىنىپ رەسۋاسى چىقىپ كەتسە، شۇ خىلدىكى جازا بىلەن تۈركلەرنى جازالىغاندا، ئۇلارنىڭ چارەك سائەت ئۇيقۇسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن»[55].

چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ تارىم ۋادىسىغا قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، بىر مۇنچىلىغان رۇس ۋە ياۋروپا «سەيياھ» لىرى تارىم ۋادىسىغا كەلدى. ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خاتىرە قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەقسىتى تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرىنى ئېچىش، ئاخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. ئاۋرېل ستېيىن ۋە موللا مۇسا سايرامىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تارىم ئويمانلىقى يەنىلا ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىچكى ئېنىرگىيە ھازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىدا روسىيە تېررىتورىيىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆرگەن تاتار ئالىمى نوشىرۋان ياۋشۇۋ بىلەن ئۇيغۇر ئالىمى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋلارنىڭ خاتىرىلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نوشىرۋان ياۋشۇۋ ئۆز دەۋرىدە پۈتكۈل تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئالىم ئىدى. ئۇ 1914-يىلى ساياھەت ئۇچۇن تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرگە قىلغان ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشىنى رەسمىي باشلايدۇ. ئۇ «ئەينى•ۋاقىتتا شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان ماكان توغرىسىدا پەقەت ئوتتۇرا ئەسىر ساياھەتچىلىرىنىڭ يازغانلىقىنىلا بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ ئەلگە كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ كاتتا يېزا-قىشلاق، شەھەرلەرنى ۋە ئادالەت، پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنى كۆرىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنى كونىراپ كاردىن چىققان، خۇددى خارابىلىققا ئوخشاش ئەسكى تام - ئىمارەتلەر ۋە كونا ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ياۋاش، ساۋاتسىز خەلق بولدى. بۇ نادان خەلق بالايىئاپەت، ئازاب-ئوقۇبەت، ئاغرىق-سىلاقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن مازارغا تۈپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئەۋلىيالاردىن تىلەيتتى. نوشىرۋان ياۋشۇۋ خەلقنىڭ بۇ ھالىغا قاتتىق ئېچىنىپ، تاتارىستانغا ئەۋەتكەن دەسلەپكى ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى يازدى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى خۇراپاتلىق ۋە ساۋاتسىزلىقتىن بولغان دەپ چۈشەندى»[56]. نوشىرۋان ئەپەندىم تارىم ۋادىسىدىكى ئالتە شەھەردە بولغان ئۈچ يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ ۋە يېڭى ئەسىرگە پەقەت ئىسسىق جېنى بىلەنلا كىرگەن بۇ مىللەتنىڭ تارىخىي بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىغا سۇنغان بىر پارچە ماقالىسىدە «جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرى بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئەزگۈچىلەر بۇرۇن قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ خەلقنى شۇنداق ئېزىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئاياغ-ئاستى قىلىپ، خەلقنى بۇلىماقتا»[57] دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى چېۋەرلىكى، ماھىرلىقى ۋە ئەمگەكچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن خەلقتۇر. بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇ ئىشچان خەلق شۇنچە بېرىلىپ ئىشلىسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ تاپقىنى تېزىدىن ئاشمايدىكەن. . .»[58]

نوشىرۋان ئەپەندىم يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدىكى ماقالىلىرىدە X - XVII VIII ئەسىرلەردىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجرالارنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنى، «ئاقتاغلىق» ۋە «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چاك-چېكىدىن پارچىلاپ، مۆلچەرلىگۈسىز ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئالتەشەھەردە ئۇنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرغىنى بۇ

خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكى ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇغانلىقى ئىدى. ئۇ كۇچاغا كەلگەندە كوچىدا ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر كىشى بىلەن بولغان قىسقا پارىڭى ئۈستىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەن كوچىدا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ ‹تەقسىر، مىللىتىڭىز نېمە؟› دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا ‹ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادىمىز› دەپ جاۋاب بەردى. مەن جاۋابتىن ھەيران بولدۇم ۋە ئېچىندىم، ئىھ، بىچارە خەلق! نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم ھەمدە بۇ كىشىگە مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم» [59]. نوشىرۋان يائۇشوۋ قەشقەردىن كۇچاغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا 50 تەك بالىنى يىغىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، بالىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. نوشىرۋان يائۇشوۋ 1907-يىلى 31 يېشىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنى باشلىغانىدى. ئۇ دەسلەپ قازاق دالىلىرىنى ئارىلاپ، قازاق خەلقىنىڭ ھال ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەندى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار زاتلىرى بىلەن تونۇشتى، ھەمسۆھبەت بولدى ۋە بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇ 1914-يىلىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۈچ يىلدەك ياشىدى ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنىڭدەك شەرق مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

ناۋادا XVII – XVIII ئەسىرلەرنى خوجا-ئىشانلار-نىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك ۋە سورۇقچىلىق دەۋرى، XIX ئەسىرنى جاھاندىن خالىي، جاھالەت ئەسىرى دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇددى فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ئېيتقاندەك «ئىستىغپار ھۇجرىسى» مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا يېڭى ئەسىرنىڭ جۇشقۇن ئېقىمىغا جۈر بولغان مۇشۇ قايناق دەۋردە شىنجاڭدا تاكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىگىچە داۋاملاشقان جاھالەتلىك يىللار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مونتېسكيۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيە-سى ھەققىدە ئېيتقان «تەلەي دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇ يەردىكىدەك تۇترۇقسىز ئەمەستۇر» [60] دېگەن سۆزى بۇ يەرگە تولىمۇ باب كېلەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان پاراكەندىچىلىك ۋە مەھكۇملۇقتىن ۋۇجۇدى قېرىغان بۇ تەلەيسىز مىللەت ئۆزىنىڭ ئېغىر ھەم كېسەلمەن گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەر كۈتۈپ تۇراتتى. نادانلىقتا قالدۇرۇش، پارچىلاپ باشقۇرۇش، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىلەرنى قامال قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مىزانى قىلغان فېئودال مىلتارىستلار تاكى ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سەگىدەش پۇرسىتى بەرمىدى. خۇددى ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئېيتقاندەك: «مائارىپى يوق مىللەت دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەنت قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن. . . » [61]، «چەنتۇلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ. بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. . . » [62]. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلار پاراكەندىچىلىكىدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىمدىكى ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئوينىلىۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئون يەتتە يىل داۋامىدا، ئۇ «ھېچقانچە قۇرۇلۇش قىلمىغان، مەدەنىي مۇئەسسەسە، ئاخبارات ئورگىنى قۇرمىغان. بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى» [63]

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ (1887-1951) نىڭ 1913-يىللىرى تەگرىتېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېھتىمال مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان ۋە ئازابلانغان زىيالىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. «ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مىللەت نامىنى قوللانماي قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، ئالتە شەھەرلىك دەپ ئاتاشتەك نادانلارچە ئەھۋالنى تۈگىتىپ، قەدىمكى ‹ئۇيغۇر› نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ‹ئۇيغۇر بالىسى› تەخەللۇسى بىلەن 1911-يىلى ‹شۇرا› ژۇرنىلىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىگ› داستانىنى تونۇشتۇردى. بۇ ئىش باشقىلارنى ئاجايىپ قىزىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ‹ئۇيغۇر بالىسى› نىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئابرويى تېخىمۇ ئۆستى. » [64]

«ئۇيغۇر بالىسى» ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، 1864-يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى قاتارلىق تېمىلارغا دائىر ماقالىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا»، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نۇزۇگۇم»، «خانتەڭرى»، «كىچىككىنە رىزا»، «ياش ئۇيغۇرغا»- قاتارلىق ھېكايە-پوۋېست ۋە شېئىرلارنى ئېلان قىلدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسى، مىللىي تەرەققىيات مەسىلىسى شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1912-يىللىق 11-سانىغا يازغان «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق يازدى: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم نېمە ئۈچۈن لازىم دەرىجىدە تارقالمىدى؟ بۇ سوئالغا ‹شۇرا› ئوقۇرمەنلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئاجىزانە پىكرىمىزچە، ھەقىقىي سەۋەبى پەقەت بىرلا، باشقا سەۋەبلىرى بۇنىڭ پارچىلىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، پۇلنىڭ يوقلۇقى ۋە كەمبەغەللىكتۇر. ئاقچا بولسا باشقا ھەممە سەۋەبلەر ھەل بولغان بولاتتى. ئەمما پۇلسىزلىقىمىز ۋە كەمبەغەللىكىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا بەك زاھىر ۋە ئوچۇقتۇر. مىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىزا، ئۆز ئارا جاڭجال ۋە ئىختىلاپلاردىن بىزلەر ئوقۇش ۋە باي بولۇشقا ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىرىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرىمىز... بۇ يولدا سەرپ ئەتكەن مال ۋە كۈچىمىزنى، دۇنيا ۋە بايلىقىمىزنى ساۋابلىق ئەمەل دەپ ھېسابلايمىز. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلىنى سورىسىڭىز، قاراڭلار، ئىسلام دۇنياسىغا! ئىرانلىقلار، بۇلغارلار، پارسلار ۋە يەمەنلىكلەر ھەمدە ئەرەبلەر ھەمىشە سوقۇشىدۇ، قىرىشىدۇ. كىملەر بىلەن سوقۇشىدۇ دېسىڭىز — جاۋابى مەلۇم: مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشلارغا كەتكەن مىليونلىغان پۇل ئىلىم-بىلىم يولىغا ئىشلىتىلسە ئىدى، ئىسلامىيلەر ئارىسىدا ئىلىم يامان ئەمەس تارقالغان بولاتتى. لېكىن، ناھايىتى ئەپسۇس، جاھىل-جاھالەت!»[65].

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ 1913-1914-يىللىرى ئالتە شەھەرگە قىلغان زىيارىتى ۋە قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ. ئۇ، روسىيە تەۋەسىدىكى ياركەنتتىن يولغا چىقىپ، تېكەس ئارقىلىق قار-مۇزلار بىلەن قاپلانغان مۇزارت داۋىنىغا يول ئالىدۇ. ياڭۋارنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنلىرىدە بۈيۈك مۇز تاغ ئاتىنىڭ ئۈستىدە — خانتەڭرى ئېتىكىدە كېتىۋېتىپ، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆمىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى ئادەتتىكى بىر ساياھەتچىنىڭ يۈزە ھېسسىياتىنى ئەمەس، بەلكى ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئىچكى ئۆكۈنۈشلىرىنى نامايەن قىلغانىدى. ئۇ «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە مۇزارت داۋىنى ئۈستىدىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتكەن يىللارنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇش، دەردلىك قەلبىمگە تەسەللىي بېرىش مەقسىتى بىلەن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. قەيەردە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنى، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ جاھانگاھى؟... بۈگۈن 4-ياڭۋار، بەش-ئالتە ھەمراھلىرىم بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. ھېسابلىسام بىزنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلغىنىمىزغا يەنە 18 يىلدىن كېيىن مىڭ يىل توشىدىكەن. خاۋاتىرلىنىدىغان بىر ئىش — ھەر كېلەچەك يېقىندۇر... ئالدىمىزدىكى قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار-شىۋىرغان ۋىژىلداپ تۇرىدۇ، خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرلۇقىغا ئاغدۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ھەممىسى چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا كېتىپ بارىدۇ، ئۈن-تىنىش يوق. ئاخىرى يەتتۇق مۇزارتقا! ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى ئاچ-يالىڭاچ، بالا-چاقا، قېرى-چۆرە — ھەممىسى پىيادە، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق-بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنىڭ جەسىتىنىڭ تاش تۈۋىدە قېپقالغانلىقىنى كۆردۈم... ئەي ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك، بالقانلىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان تۈركلەر ئېسىڭلارغا چۈشۈۋاتامدۇ؟ خەيرىيەت، بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. لېكىن بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسىمۇ يوقسۇزلۇق، نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىقى. .. ئاخىرى مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، تاغ ئېغىزىدىكى قورغانغا كەلدۇق. خىياللىرىم مېنى XIX ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. خىيال بىلەن تەڭ قورغاندىن چىقتۇق ۋە قىزىلبۇلاق دېگەن جايغا يەتتۇق. بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسىمۇ، لېكىن بىر خانىقا بار ئىكەن. ‹بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، دۇنيا مەكتىپى نېمىگە لازىم بولار دېدۇق› - دېدى ساھىبخان»[66].

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئۆز مىللىتى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدۇ ۋە يېقىن ئارىدا يېتىپ بارىدىغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنىڭ غايىۋى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. لېكىن رېئاللىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ يىراق ئىدى. ئۇ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاقسۇ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغۇدەك خۇش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەسكەن، ئادەملىرى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغانلىقى ئۈچۈنلا خۇش كۆرۈنىدۇ.

كوچىلىرى مۇنتىزىم — تەرتىپلىك ئەمەس، ھەممىسى بىر تۇرلۇك دېگۇدەك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەردە گۇزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. گەمىگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس، ئەكسىچە ئىشانچىلىق بەك كۈچلۈك، ھۈنەر-سەنئەت كۆپتىن بېرى يوق. پەخش ۋە پاھىشىۋازلىق، كەمبەغەللىك بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋېتىپتۇ. مولللىلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمەيدىغاندۇر. بۇ يەردىكى مەمۇرلار ‹ھارۋا سۈنسا ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە - گۆش› بولىدۇ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق، شۇڭا ئۇلار تۇڭگان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يانلىرىدىن ئۆتسەڭ نازلىنىپ ئىشقىي-مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزۈڭدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك تېتىقسىز ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. . . »[67]

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ خۇددى نوشىرۋان يائۇشوۋ ئەپەندىگە ئوخشاشلا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ پەۋقۇلئاددە تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ. دەرۋەقە X X ئەسىر بوسۇغىسىنى ئاتلىغان بىر مىللەتتە مىللىي ئاڭنىڭ يوقىلىشى غايەت زور بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. چۈنكى ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىگە قارشى ئىچكى پىسخىك ئېنېرگىيىسى مىللىي ئاڭنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئالتە شەھەرگە قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، «شۇرا» ژۇرنىلىغا سۇنغان «بىزنىڭ تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە ھەسرەت بىلەن مۇنۇلارنى يازىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا ‹ئۇيغۇر› ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز قالغان چىنى تۇركىستان تۇركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914-يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىز جەريانىدا كۆرگەنىدۇق. مەسىلەن، ئۇ يەردە 15 سوم قەرزىنى بېرەلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر ئەزىز بالىسىنى بىر خەنزۇ سودىگەرگە ساتقانلىقىنى، ئىككى-ئۈچ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يات تائىپىدىن بولغان بىرى بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقىنى ۋە جاڭگۇيدىسىنى ماختىشىپ ئۆتكەن -- كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۇلۇشۇپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمانلارنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى، تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك ياش يىگىتلەر تۇركۇم-تۇركۇم ھالدا كوچىلاردا ۋارقىرىشىپ، بىر پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىقتا سېلىشىپ ‹يا، دوست، يا، ئاللاھ›، دەپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق. . . » [68] ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك،

ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇساباييېۋلار، ئابدۇقادىر داموللىلار بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەرگەنىدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۇمىدلىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نوشىرۋان ئەپەندى بىزنى چىنى تۇركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىستىقبالىمىزنىڭ بەك ۋەھىمىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. . . دېمەك، ھەممە يەردە ئەھۋال ئوخشاش. بىر چىنى تۇركىستان ئۇيغۇرلىرى ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئاتسىز قالغان دېگەنىدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر ئۇيغۇردىن ‹سەن كىم؟› دەپ سورىساڭ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ‹قەشقەرلىك›، ياكى ‹خوتەنلىك›، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ‹ئۇ دېگەن يەر-جاي نامىغۇ؟› دېسەڭ، ئۇ ھامان ‹مەن مۇسۇلمان›، دەيدۇ. ‹ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم› دېسەڭ، ھودۇقۇپ ‹مەن چەنتۇ›، دەيدۇ. قازاق - قىرغىزلارغا ئارىلاشقان يەرلىكلەر ‹بىز سارت›، دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ جاھالەت! »[69].

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەققىدىكى خاتىرىلىرى، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىدىكى ئەڭ ئىلغار بىر سەھىپىنى تەشكىل قىلغانىدى. جەدىتىزىم دولقۇنلىرىدا كۆنسېرى ئويغىنىش ۋە ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش يولىنى ئېچىۋاتقان قىرىم، قازان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى نوشىرۋان ئەپەندى ۋە نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋلارنىڭ «شۇرا»، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ماقالىلىرىدىن تارىم چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېغىر تىنىقىنى ۋە بىر قانچە ئەسىرگە سوزۇلغان غېرىبلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1905-يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدىكى تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، تارىم ۋادىسى يەنىلا بىر خىلدا ئۆز ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا ئىدى. سىياسىي سېھرگەرلەرنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش»، «بىخوتلۇقتا قويۇش» مىزانلىرى بىلەن نائەھلى خوجىلار، پىر-ئەۋلىيالارنىڭ توقىمەك پەتىۋالىرى مىللىتىمىزنىڭ ھالسىرىغان ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى ھاياتىي كۈچىنى ئاستا-ئاستا خورىتىپ بارماقتا ئىدى. خەيرىيەت، يېرىم ئەسىر ئۆتمەيلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەر بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەرەققىياتى ۋە روھىي دۇنياسىدا زور ئارىلىق شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

**▲ XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى. قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى يېڭىلاش، ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى يېڭى بىر مەيدان پىكىر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى.**

ناۋادا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئويغىنىشىدا ئىسلاھات مەشئىلىنى ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن بىر مىللەت بار دېيىلسە، ئۇ خەلق شەك - شۈبھىسىزكى تاتارلار ئىدى. شۇنداق، تاتارلار تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئويغانغان، ئەڭ كۆپ ھالاكەتلىك سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلانغان بىر خەلق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ روھىي ئويغىنىشىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدە يەتكىچە ھالسىرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم خانلىقلىرى مەزگىلىدە تاتارلار ئاجايىپ گۈللىنىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاتارلار جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان ۋولگا ۋە ئۇرال دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، قىرىم يېرىم ئارىلى قاتارلىق مۇنبەت زېمىنلارنى ماكان تۇتقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رۇس ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ بىر مەھەل راسا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بەرپا قىلدى. مونتېسكيۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «دۇنيادىكى ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىدە ئۇرۇشقاقلىقنى ئۇلۇغ تۆھپە ھېسابلايدىغىنى تاتارلار ئىكەن. تاتارلار دۇنيانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. باشقا بارلىق ئەللەرنىڭ خەلقلىرى ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارالغاندەكلا تۇرىدۇ؛ تاتارلار بىر قانچە ئىمپېرىيەلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى، شۇنداقلا بىر قانچىلىغان ئىمپېرىيەلەرنى گۇمران قىلغۇچىلاردۇر؛ ھەرقايسى دەۋرلەردە تاتارلار ئۆز قۇدرىتىنىڭ ئىزىنى يەر شارىدا قالدۇرغان. . . »⑦⓪.

ناھايىتى ئەپسۇس، رۇسلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى تاتارلارغا مىسلىسىز بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. چارروسىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1552-يىلى قازان خانلىقىنى، 1554-يىلى ئاستىراخان خانلىقىنى، 1783-يىلى قىرىم خانلىقىنى يۇتۇۋالدى، ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. قازان ۋە قىرىم تاتارلىرى روسىيە تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەيدان بوران-چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىش دولقۇنىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتتى⑦①. رۇسلار قازاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاتار مىللىتىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تىركىشىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە چېقىش يولى ئىزدەشتەك قان-ياشلىق تارىخى باشلاندى. ئامېرىكا تارىخچىسى گاۋىن ھامبلىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «رۇسلار قازان رايونىدا ئىككى ئەسىرگە سوزۇلغان ۋەھشىي سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قازان تاتارلىرىنى تامامەن رۇسلاشتۇرۇش ھەمدە مۇسۇلمانلار جامائەسىنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش ئىدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلاردا رۇسلار ‹تاتارسىزلاشتۇرۇش› سىياسىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازاندىن تاتارلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ھەيدەپ چىقاردى. تاتارلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭدەك يەرلىك خەلقنى خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە قىستىدى. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تاقاپ، ۋەخپىلەرنى بىكار قىلىپ، چېركاۋلارنى كۆپلەپ بىنا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرلىك مۇسۇلمانلار تېز ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار تاتار ئاقسۆڭەكلىرىنى يا خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشقا، يا ئۆز ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىدى. . . XIX ئەسىرگە كەلگەندە تەخمىنەن 200 مىڭ تاتار خرىستىئان مۇرىتى بولۇپ كەتكەن»⑦②. رۇسلارنىڭ تاتارىستاندا قاتتىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى قوللىنىشى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، شۇنىڭدەك رۇس زېمىنلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن تاتار خەلقى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1552-يىلىدىن تاكى ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II تاتارلارغا قاراتقان قاتتىق قول سىياسەتنى ئۆزگەرتكەنگە قەدەر ئىككى ئەسىر داۋامىدا تاتارلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. 1792-يىلى بارغانسېرى زەئىپلىشىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى رۇسىيىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، تاتارلار تارىخىدا يەنە بىر قاراڭغۇ سەھىپە ئېچىلدى. رۇسلار قىرىمغا بولغان «تاتارسىزلاشتۇرۇش» مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رۇس پۇقرالىرى ۋە چەتئەل مۇھاجىرلىرى

(گېرمانلار، گرېكلار، بۇلغارلار، بالتىقلىقلار) نى تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆچۈرۈپ كەلدى. شانلىق ئۆتمۈش گويا بىر مەيدان چۈشكە ئوخشاش تاتارلار خاتىرىسىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ھالاكەت يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك كۈنلەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىن مەدەت تىلىدى. لېكىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. نەتىجىدە 1783-يىلىدىن 1893-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتارلار يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ، قان-ياشلىق چوڭ كۆچۈش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا تاتار مىللىتى نەچچە ئون قېتىم توپ-توپى بىلەن قىرىمدىن تۈركىيىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى روسىيە «تاتارسىزلاشتۇرۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك يىللاردا پەقەت كۆچۈشلا بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تاتارلار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. 1897-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، قىرىمدا ئەسلىدە بار بولغان 523 مىڭ تاتاردىن پەقەت 187 مىڭىلا قالغانىدى. شۇنداقلا پۈتكۈل ياۋروپا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ قىرىم تاتار خانلىقىنىڭ شانلىق خاتىرىلىرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.[73]

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II تەختكە چىققان مەزگىللەردە تاتارلار ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن يېڭى يول ئىزدىدى. شەھەرلەردىن قوغلانغان تاتار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلىرى ئاستا-ئاستا تىجارەت يولىغا كىرىپ، روسىيىدىكى يېڭى بىر سودا گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى تامامەن بويسۇندۇرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سودىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىدى. ئەسلىدىكى جىمى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالغان بۇ مىللەت سودا ئېڭى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا ماددىي ئاساس ھازىرلىدى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «تاتار سودىگەرلىرى چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا جەھەتتىكى ‹ھەمكارلاشقۇچى›سى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىسلام دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى شۇنداقلا ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەگەردە ئۇلار بولمىغان بولسا، ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە XIX ئەسىردىكى ‹تاتار ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى› مۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى...»[74]

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، چارروسىيە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق ئىستېلا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى خانلىق - قوقان ۋە خىۋە خانلىقلىرى مۇنقەرز بولدى. ئەمدىلىكتە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تاتارلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاستىچىلىق رولىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تاتارلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ‹رۇسلاشتۇرۇش› سىياسىتى يەنە بىر بالداق كۈچەيتىلدى. ھەتتا 1909-يىلى «مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلىرىگە چار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىش بۇيرۇق قىلىندى»[75]. چار پادىشاھنىڭ «رۇسلاشتۇرۇش»، «خرىستىئانلاشتۇرۇش» تەك ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى تاتار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مىللەت پۈتۈنلۈكىگە غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تاتار خەلقى بىرىنچى بولۇپ ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئىجتىمائىي كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەتتىكى قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش، ئىسلام دىنىنى تەرەققىيات بىلەن ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىدى. دەرۋەقە، XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى. قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى يېڭىلاش ۋە ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى بىر مەيدان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزىم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېيتقاندەك: «نوغاي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئويغىنىش دەۋرى XIX ئەسىردە باشلىنىپ XX ئەسىردە تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەن بولسا، تارانچى تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار) نىڭ ئويغىنىش دەۋرى XX ئەسىردە بولدى»[76].

مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم داڭلىق دىنىي مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ناسىر قۇرساۋى (1783-1814)، شېھابىددىن مارجانى (1818-1889)، رىزائىددىن فەخرىددىن (1859-1936) ۋە مۇسا جارۇللا (1875-19?) قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدىكى تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭغان قورقماس ئىسلاھاتچىلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسا جارۇللانىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغانىدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن «تاتار ئەدەبىي ئويغىنىشى» ۋە جەدىتىزىم ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، جەدىتىزىم ئىسلام شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئىسلاھاتلارنىڭ تەسىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن يېڭىلاش ھەرىكىتى ئىدى. «پۈتكۈل ئىسلامىيەت تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى ئۈزۈلگەن ئەمەس. مۇقەددەس ئىسلام دەستۇرى ‹قۇرئان› سۈرىلىرىنى ئىزاھلاشمۇ پۈتۈنلەي بىردەك بولغىنى يوق. دەمەشىق خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرى، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى ‹قۇرئان› نى ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىنسان بەختىگە مەنپەئەتلىك

يوسۇندا شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلىشتى. خەلىپە مۇقتەدىر زامانىدا مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەركىن پىكىر تەشەببۇسلىرى باشقىچە شەكىلدە، جۈملىدىن سوپىزمنىڭ مەلۇم شەكىللىرى تەرىزىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ كەلدى» (77). يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئىسلام دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن ۋاھابىيلار ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەئىد ئەھمەدخان، جامالىددىن ئاففانىي، مۇھەممەد ئابدۇقاتارلىقلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزم ھەرىكىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. جەدىتىزم XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دىنىي «يېڭىلاش» ۋە «دەۋرلەشتۈرۈش» نى مەزمۇن قىلغان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ، تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «تۆرلۈك-تۈمەن ئىجتىمائىي تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، مەرىپەت ئۈچۈن كۆرەشكەن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىسىغا ئايرىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈشكە ئىنتىلگەن» (78) ئىسلاھاتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە يېڭى پىكىر ئېقىمى. جەدىتىزم دەسلەپتە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئويغىنىش تەسىرلىرى بىلەن باشلانغان. روسىيىنىڭ 1905-يىلىدىكى ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇخارا، خىۋە خانلىقلىرى ۋە شىنجاڭ تەۋەسىگە قەدەر كەڭرى تارقالغان (79). جەدىتىزم ئېقىمىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى تاتارىستانلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ئەنئەنىۋى ئىسلام مەدرىسلىرىدە، ئاندىن رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. فرانسىيە ۋە تۈركىيىدە ئۇزاق تۇرغان. 1877-يىلى تاتارىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تاتار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىدى. غاسپىرالى «چوڭقۇر بىلىملىك ۋە كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى شۇنداقلا ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى ھازىرقى زامان دۇنياسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بىر تالانتلىق مائارىپچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ‹ئۇسۇلى جەدىت›، مائارىپى ئالدى بىلەن ئۆزى مۇدەرىسلىك قىلىۋاتقان باغچە ساراي ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا قوللىنىلدى، ئاندىن پۈتكۈل رۇسىيىدىكى كۆپ قىسىم ئىسلام مەدرىسلىرىگە كېڭەيتىلدى. بۇ ئۇسۇل كېيىنچە تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى ھىندىستانغىچە يېتىپ باردى. تېخىمۇ مۇھىمى، غاسپىرالى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىل ۋە ئىدىيە بىرلىكىگە ئۇيۇشۇشنى تەكىتلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى «تەرجۇمەن» ناملىق مەجمۇئەدە ئېنىق شەرھىلىدى. 1882-يىلىدىن 1914-يىلىغىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل جەريانىدا بۇ مەجمۇئە تەسىرى ئەڭ زور، ئوقۇرمىنى ئەڭ كۆپ نەشىرى ئەپكارغا ئايلاندى. شەك-شۈبھىسىزكى، غاسپىرالى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى» (80).

غاسپىرالى ئىسلاھات يېڭىلاشنى ھەممىدىن بۇرۇن تىل ۋە يېزىقتىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلدى (81). جەدىتىزم ناھايىتى چوڭ پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە، دىن، تارىخ، تىل-يېزىق، ئەخلاق ۋە ئىنسان قىممىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويدى. نەتىجىدە، قىرىم، قازان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلىشى، ئۆلۈك، قېتىپ قالغان دىنىي ئادەتلەرنى قايتا ئىسلاھ قىلىش ۋە ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى. جەدىتىزم ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ، ئورتاق بىر تىل-يېزىق گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر بىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلىدى. قازاندا نەشر قىلىنغان «شۇرا»، «تىل يارىش»، «تەرجۇمەن» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار پۈتكۈل تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان تىل-يېزىقتا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن جەدىتىزم تەرەپدارلىرى كەسكىن ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنى، قاتمال دىنىي قاراشلارنى ۋە مۇرەككەپ شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈشنى، يېڭىچە مائارىپ ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى يولغا قويۇپ مەرىپەت جەھەتتىن ئويغىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت ئەمەس، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان» ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق تەرەققىياتقا ماسلىشالايدۇ. مەسىلە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قانداق تونۇشى ۋە پايدىلىنىشىدا. شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، خەلق ئېڭىنى ئاسارەتتە قويىدىغان ھەر قانداق ئادەت ۋە قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. جەدىتىزم تەرەپدارلىرى ئىچىدە ئىسلاھات تەلىپى ئەڭ كەسكىن، «دەۋرلەشتۈرۈش» قارىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى مۇسا جارۇللا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى تېپىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىش لازىم دېگەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى، مەسىلەن، روزا تۇتۇشتىكى مەنتىقىي زىددىيەتلەرنى تىلغا ئېلىپ، ‹قۇرئان› نى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ، ئەركىن شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلدى شۇنداقلا ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى، غەيرىي دىندىكىلەر دوستانىلىقى ۋە تۇرمۇشنى غەربلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى...»

(82). دەرۋەقە، ئۆز زامانىسىدىكى مۇنداق ئاكتىۋال پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. مۇسا جارۇللا، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىقلارنىڭ «جەدىت» (يېڭىلىق) قاراشلىرى مۇھەممەددىن مۇھەممەدوۋ ۋەكىللىكىدىكى «قەدىمىيە» گۇرۇھىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە «دەھرىلەر» دەپ ئەيىپلەندى. «قەدىمىيە» گۇرۇھىدىكىلەر: «خرىستىئان، كاتولىك دىنلىرى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولمىغاچقا ئىسلاھ قىلىش ھاجەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى ھەر قانداق ئۇسۇلدا ئىسلاھ قىلىش ھاجەت ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۆز مۇكەممەللىكى بىلەن باشقا دىنلاردىن پەرقلىنىدۇ» (83) دەپ قاراشتى. ئۇلار يەنە ئىسلام دىنى ئىسلاھاتىنى «شەيتانلار ھەرىكىتى» دېدى. مۇھەممەددىن مۇھەممەدوۋ چار ھۆكۈمىتىگە جەدىتلەر «پانئىسلامىزم» بىلەن شۇغۇللىنىپ، چار پادىشاھلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ, دەپ چاقتى. ئاختۇرۇش داۋامىدا گەرچە «جەدىتلەر پانئىسلامىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى دېگەنلىك ئىسپاتلانمىسىمۇ» ئەمما ئۇلاردىن كۆپلىگەن چەكلەنگەن كىتابلار چىققانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىندى. (84)

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قازان، قىرىم قاتارلىق جايلاردا جەدىتىزم ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. جەدىتىزم تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتچىلىق قاراشلىرىنىڭ كەينىگە يەنە مۇئەييەن مىللىي مەنپەئەت چۈشەنچىلىرىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. «بۇ جەھەتتە، قازان، قىرىم، ئۇفا شەھەرلىرىدە نەشىر قىلىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار، ‹شۇرا› مەجمۇئەسى بىلەن ‹ۋاقىت›، ۋە ‹تەرجۇمەن› قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ رولى چوڭ بولدى» (85). ئۇنىڭ ئۈستىگە «XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازان ۋە باشقا تاتار شەھەرلىرى — ئورىنبوگ، ترويسكى ۋە ئاستىراخانلار-دىكى ئىسلام مەدرىسلىرى، نەشىر-ئەپكارلار، تاتار تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللار بۇ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى سۈپىتىدىكى پارلاق مەنزىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەسىرى تاتارىستان تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى» (86). تاتارىستاندا قوزغالغان ۋە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشىدە تاتارلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىل-يېزىق، مەدەنىيەت ۋە قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى چوڭ رول ئوينىدى. تاتارلار يەنە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، رۇس شوۋىنىزمى بىلەن تىركەشتى. 1905-يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يالغۇز مەدەنىيەت ئىسلاھاتى بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ۋە روسىيە سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەلەپلىرىنىمۇ ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. 1905-، 1906-يىللىرى ئۇلار نوۋوگراد، سان-پېتربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۈچ قېتىم ئىسلام قۇرۇلتىيى ئاچتى. ئۇلار قۇرۇلتايدا، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئەركىنلىك تەلەپلىرىدىن باشقا يەنە سىياسىي باراۋەرلىك قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىدا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تاتار ئەدەبىياتى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم مۇنداق دەيدۇ: «رۇس ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تاتار مەدەنىيىتىدە ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تىلدا يارىتىلغان تاتار ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە شىھابىددىن مارجانى، ئىبراھىم ھەلەفىن، رىزا ھەزرەت، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرى باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ قازان، ئۇفا، قىرىم شەھەرلىرىدە تەسىس قىلغان بىر قاتار مەتبۇئات ۋە نەشرىيات مۇئەسسەسىلىرى چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ 1905-يىلىدىكى بىرىنچى رۇس ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سۇلتانلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى تاتار يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مىجىت غاپۇرى، فاتىخ ئەمىرخان، ئابدۇللا توقاي، سەغىت رەمىيېف، غالىمجان ئىبراھىموۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب ۋە شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغلاردىكى تاتار ئەدەبىياتى روسىيە تاتارىستان دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە خەلقلەر بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى». (87) بولۇپمۇ تاتار ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا توقايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. بىز ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا بۇرۇختۇم ھالەتتە تۇرغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زىلزىلە بېغىشلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئابدۇللا توقايىنىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى بايقىيالايمىز. جەدىتىزم ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇللا توقاي (1886-1913) ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ مىللىي ئويغىنىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان روھانىي ئۆلىمالار، قىزىلكۆز موللىلار ۋە ئوتقۇيرۇق ئىشانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. چۈنكى جەدىتىزم پىكىر ئېقىمى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان XX ئەسىر ھارپىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشانچىلىق ۋە سوپىچىلىقنىڭ تەسىرى خېلى زور ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. ئۇلار ئىسلام ئىسلاھاتى ۋە يېڭى مائارىپقا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچلۈك قىلاتتى. «قەدىمىيە» گۇرۇھىغا يان باساتتى. تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى «دەھرى»، «كالتە چاپان» دەيتتى. خۇددى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان «تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك:

«1905-يىلىدىن ئىلگىرى تارانچى دىيارىدا ئىشانلىق ئادەتتىن تاشقىرى شۆھرەت قازىنىپ، ھەممىلا يەردە ئالدىنقى رولغا ئۆتكەنىدى. ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر ئۆز مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مازارلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى خۇدا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ۋاستە دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار يەنە ‹پىر پىرغا يەتكۈزەر، پىر-خۇداغا› دەپ تەلىم بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن تارانچى ئاكىلار پىر دەپ ھېسابلىغان ئىشانلارغا مەھكەم يېپىشقان شۇنداقلا پىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ ئالەمگە بارغاندا جەننەتكە كىرىش نېسىپ بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇنى كۆرگەن بىزنىڭ موللىلارمۇ جىم تۇرمىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىمۇ ئىشان دەپ ئېلان قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن موللىلار بىلەن ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش باشلانغان. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا مۇرىت بولۇپ ئەگەشكەن ئادەملەر ھەر قاچان شەيخلىرى ھەققىدە تۈرلۈك كارامەتلىك خەۋەرلەرنى ئىختىرا قىلىپ تۇرغان. شۇ چاغلاردا مازارلارغا بەك يىراق يەرلەردىن سەپەر ئازابىنى چېكىپ، قۇربانلىقلار ئېلىپ كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئىشانلارغا نەزىر-سەدىقە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئالغۇچىلارمۇ كۆپ بولغان. . . »[88]

ھەممىگە ئايانكى، جەدىتىزم دىنىي ئىسلاھاتچىلىق سۈپىتىدە ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان خۇراپىي قاراشلارنى، غەيرىي ئادەت-يوسۇنلارنى ۋە تەركىيدۇنياچىلىق، ئىشانچىلىق ھادىسىلىرىنى كەسكىن رەت قىلاتتى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ساپلاشتۇرۇشنى، دەۋرلەشتۈرۈشنى ۋە ئىنسان قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇ قاراشلار ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بەلكى ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىدە كەسكىن پىكىر ئىنقىلابىنىڭمەشئىلىنى ياقتى. ئۇ «ئىدىيىلەر تارىخىنى خۇددى سائەت ستىرېلكىسىنى سۈرگەندەك توپتوغرا بىر ئەسىر ئىلگىرى سۈرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئېزىلگەن تاتار خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دېموكراتىك ئۈمىدلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم نۇرلۇق، ھەم يالقۇنلۇق شۇنداق مەشئەل پەيدا قىلدىكى، ئۇنىڭ نۇرى ماركسىزمغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېموكراتىك ئاڭ-پىكرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ داۋاملىق ئويغىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى»[89] ئۇ «ئىشان» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

كۆزىن يۇمغان، بوينىن پۈككەن، باشىندا چالما
چورنالغان،
كەپەن چالما كىيىپ باشقا، ئىشان بولغان ئىمىش ھايۋان.

دوستلىرىم، قەرداشلىرىم، سىز موللىلارغا ئېيتىڭىز،
ئوقۇسۇن بۇ ئىككى قۇرنى مېنى كۆمگەچ قەبرەمە.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇللا توقاي مىللەتنىڭ ئويغىنىشىدىكى كەسكىن روھىي ئوپېراتسىيىچى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە باشتىن-ئاخىر مىللەت ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان نادانلىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى قەلەم تەۋرىتىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىدا بۇ زۇلمەت دۇنيانى پاكلىيالمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىدۇ:

بىتتى كۈچ، سۇندى قىلىچ، قايتمادى ئۈچ، شۇل بولدى
ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزۈم، دۇنيانى پاكلى ئالمادىم.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئەسەرلىرى «يالغۇز قازاندىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا نەشىر-ئەپكارلاردا قايتا-قايتا بېسىلىپ، بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاب بورانلىرى بىلەن بىللە پەرۋاز قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغانغان دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىغا قاناتاشتى»[90].

ئۇندىن باشقا جەدىتىزم تەرەپدارلىرى نۇقتىلىق ھالدا تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، ئىززەت-غۇرۇرىنى كۈچەيتىش، روھىي دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك داغلىرىنى يۇيۇش غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. «شۇرا»، «تەرجۇمەن» مەجمۇئەلىرى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا دائىر مۇھىم تارىخىي قولىيازمىلارنى ئېلان قىلدى. تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشۇۋنىڭ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916-يىللىق سانلىرىدا ئۇلاپ نەشر قىلدۇرغان «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» ناملىق تارىخىي قولىيازما شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان قازاق شائىرى ماغژان جۇماباي (1894-؟) ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا، يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەسلەپ مۇنداق يازدى: «. . . ئانا دىيارىمىز قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان. تۇراندا ئالىپ تۈرك تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇراننىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجايىپ كەچمىشلەر ئۆتكەن. تۇراننىڭ دېڭىز كەبىي كۆللىرى بار. بۇنىڭ بىرى چايقىلىپ تۇرغان ئارال دېڭىزى، يەنە بىرى مۇقەددەس ئىسسىق كۆلدۇر. كۆك بۆرە تۇغقان ئەڭ دەسلەپكى تۈرك ئوغلانى بۇ كۆلنىڭ باغرىدا كۆز ئاچقان. . . »[91]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەدىتىزم تەرەپدارلىرى ئۆز تەشەببۇسلىرىدا تارىخنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان سىر-ئەسرالارنى ئېچىشقا، ئۇنىڭدىن غورۇر ۋە شىجائەت ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلدى. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋمۇ مىللەتنىڭ تارىخ تۇيغۇسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى: «مىللىي تارىخنى بىلىش مۇتلەق لازىمدۇر. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئودۇمىنىڭ مىللىي تارىخى تەتقىق ئېتىلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار تارقاقتۇر. شۇنداق بولسىمۇ قاراپ يېتىشقا بولمايدۇ. باشقا خەلقلەر بىزنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىمىزنى بىلىش يولىدا ئالتە شەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل خارابىلىرىنى كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان تاش، كېسەك ۋە باشقا يوچۇن بۇيۇملارنى تېپىش ئارقىلىق تارىخىي مەلۇماتلار يىغىپ، پۈتكۈل ئالەمگە نەشر قىلىپ تۇرغاندا،

بىزنىڭكىلەرنىڭ ئۆتكەنلەر تەرىپىدىن نەشر ئېتىلگەن ۋە مەيدانغا كەلگەن مەلۇماتلارنى يىغقۇدەك ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى بولمىسا، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن كۆرسەك بولىدۇ. . . » (92)

قىرىم ۋە قازاندا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزىم ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىش دولقۇنى بىپايان قازاق دالىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا يېتىپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، تاتار ئويغىنىشى ۋە تاتار زىيالىيلارنىڭ قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىغا تەسىرى زور بولدى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «قازاقلار ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ھەمدە ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئىسلام ئادەتلىرى سەۋەبلىك ئاسانلا روس مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرايتتى» (93). XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن قازاق خەلقىدىمۇ ناھايىتى روشەن مىللىي ھېسسىيات خاھىشلىرى كۆرۈلدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە مەلۇم قەبىلە ياكى «يۈز» نى ئەمەس بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت مەنپەئەتىنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويۇشقا باشلىدى. قازاقلاردا كۆتۈرۈلگەن بۇ خىل مىللەتپەرۋەرلىك خاھىشلىرى رۇسلارنى قاتتىق خاتىرجەمسىزلەندۈردى. روسىيە ھۆكۈمىتى XIX ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش، قازاقلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن تاتار پېداگوگىكا ئىدىيىلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە بىر خىل يېڭىچە مائارىپ لايىھىسىنى يولغا قويدى. رۇس - قازاق مەكتەپلىرىنى قۇردى. تامامەن «غەربلەشكەن» مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن قازاقلاردا يېڭىچە زىيالىيلار قاتلىمى شەكىللەندى. ئۇلار بىردەك روسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قازاقلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئۈچ كىشىنى يەنى روسىيە ئوفىتسېرى ۋە شەرقشۇناس چوقان ۋەلىخانوۋ (1834-1865)، ئىبراھىم ئالتىنسارىن (1841-1889) ۋە مۇتەپەككۇر ئاباي قونانبايېۋ (1845-1904) لارنى كۆرسىتىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى تامامەن قازاقچە ئۇسلۇبتا راۋاجلاندى. شۇنداقلا تاتار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدىن چەتنەشتۈرۈلدى (94). 1879-يىلدىن 1904-يىلغىچە بولغان 25 يىل جەريانىدا، تاشكەنت پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن 415 ئوقۇغۇچى ئىچىدە يەرلىك ئوقۇغۇچىلار 65 نەپەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاتار، قالغان 54 نەپىرى قازاق، قىرغىزلار ئىدى (95). شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رۇسلار ئىسلام ئەنئەنىسى نىسبەتەن سۇسراق بولغان قازاق، قىرغىزلارنى رۇسچە مائارىپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي ئوبيېكتى قىلغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جەدىتىزم ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1901-يىلى تاشكەنتتە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1914-يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۈزدىن ئارتۇق «جەدىت» (يېڭىچە) مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. يەرلىك گېزىتلەر چىقىرىلدى. گاۋىن ھامبلىي مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇتەئەررىز بولۇش بىلەن زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك تالاش جەريانى مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلىشىش ئۇلارنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە نىسبەتەن تىركىشەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئەسلىدىكى بېكىك تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزگەرتىپ تاشلايتتى. رۇسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتالمىش مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ رايونغا بولغان ئاسسىمىلياتسىيىلەش مەقسىتىگە يېتەتتى. . . ئۆز دەۋرىدىكى باشقا مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا، رۇسلار ئىنسانپەرۋەرلىك كوزىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى بىر خىل مەدەنىيەت تارقىتىش بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق ئىدى. لېكىن بۇ ۋەزىپىسىنىڭ كەينىگە ئۇلار ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ئىقتىسادىي ۋە ستراتېگىيە جەھەتتىكى مەنپەئەت قارىشى يوشۇرۇنغانىدى. . . » (96)

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاياتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. 1920-يىلى 5-ئايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1921-يىلى 10-ئايدا قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرقايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مىرسەئىد سۇلتانغالىيېۋ باشچىلىقىدىكى تاتار كوممۇنىستلىرىنىڭ تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيە گەۋدىسى قۇرۇش خىيالى چۇشكە ئايلاندى. قىرىمدا ئەھۋال تېخىمۇ باشقىچە بولدى. 1921-يىلى قىرىم كوممۇنىستلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5875 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران 192 كىشى ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زور تۈركۈمدىكى رۇس كۆچمەنلىرى قىرىمغا ئېقىپ كىردى. 1926-يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا، قىرىمنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 875 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران 23% نى تەشكىل قىلغانىدى. 1928-يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى تازىلاش»، «سۇلتانغالىيېۋىزم» غا زەربە بېرىش دولقۇنى قوزغاپ، زور تۈركۈمدىكى تاتار زىيالىيلىرى ۋە كوممۇنىستلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ھەتتا قىرىم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەلى ئىبراھىموۋ قاتارلىق يۇقىرى قاتلام تاتار كوممۇنىستلىرىغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىرىم يېرىم ئارىلى گېرمانىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. 1944-يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل تاتار خەلقىنى «ناتسىستلارغا سېتىلدى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى» دېگەن بەد نام بىلەن قىرىم يېرىم ئارىلىدىن

قوغلاپ چىقىرىپ، سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قىرىمدا تاتار مىللىتىنىڭ تارىخى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتى. شۇندىن باشلاپ سەرسانلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغان بۇ مىللەت قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى، ئانا ماكانى قىرىمغا قايتىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى[97]. ئۆز دەۋرىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئېلىپ بارغان، جەدىتىزم ھەرىكىتىنى قوزغىغان، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت-مائارىپىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تاتار مىللىتى مۇشۇ ئەسىرىمىزدىمۇ زور بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولدى.

تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزم ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رايونىمىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان مەھەللىۋى مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى ۋە «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1885-يىلى ئاتۇش ئېكساقتا مۇسابايلار جەمەتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» مەيدانغا كەلدى. شۇندىن باشلاپ، ئاتۇش، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر ۋە چۆچەكلەردە كەينى-كەينىدىن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، جەدىتىزم روھى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاتار زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن تارتىپ تاكى 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتار زىيالىيلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر باي مەقسۇت مۇھىتى تۇنجى قېتىم تاتارىستاندىن تاتار زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلغاندىن باشلاپ، تۈركۈم-تۈركۈم تاتار زىيالىيلىرى رايونىمىزغا كېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئويغىنىشىغا خالىسانە كۈچ چىقاردى. ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇنجى خانىم-قىزلار مەكتىپىنى بەرپا قىلغۇچى گۈلەندەم ئانا (1889—1947) شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ روھي ئويغىنىشىدا جەدىتىزمنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغانىدى. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان دىنىي ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشىنى، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىشىنى، ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇپ، قاتمال، غەيرىي ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا تونۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشقا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بائىس نېمەدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت - ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

— ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ». ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم - مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ — ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق - يوقۇلۇش ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدۇ! ھېلىھەم ۋاقىت، پۇرسەت بار».

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇقادىر داموللام ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىگە يېڭى دەۋرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بەرگەنىدى. لېكىن تارىم ئويمانلىقىدا يېڭى ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ غېرىبلىق ئۇزاققىچە تارقىمىدى. ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق 30-يىللاردىكى بوران-چاپقۇنلۇق دەۋرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بىر مەھەل ئاقارتىش، ئويغىنىش دولقۇنى قوزغاپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر يوقىتىشلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئاخىرىدا، شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، جەدىتىزم يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى بىر ئوبيېكتىپ ھادىسە. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى سۈپىتىدە قارىشىمىز، توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر. ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جەدىتىزملىق دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنى ماكان، زامان، شارائىت ۋە ئەمەلىيەتكە قاراپ، تارىخىي باسقۇچ ۋە ئۆزگىرىشلىرى بويىچە كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم. جەدىتىزملىق دىنىي ئىسلاھات ۋە مائارىپ تەشەببۇسلىرىنىڭ تارىخىي

خىزمىتىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى، فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىرچىلىككە قارشى خەلقپەرۋەر ئىجتىمائىي ئىسلاھات، دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى بىلەن تونۇلغان مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى ئادەتتىكى جەدىتىزم تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرمەستىن، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. بۇنداق تەنتەكلىك ماركسىزمغا زىت ئىنكارچىلىق (نېگىلىزم) ئۇسۇلىدىن ئىبارەت»[98].

دەرۋەقە، جەدىتىزم ھازىرقى زامان ئىدىيە ۋە پىكىر تارىخىمىزدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا بىر قانچە ئەسىرلەر مابەينىدە غېرىبلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان مىللىتىمىزنىڭ XX ئەسىر روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

**▲ XX ئەسىرگە ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇزاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ رىقابەتكە، يېڭىلىققا ۋە ئەقلىي تەپەككۇرغا تولغان يېڭى دەۋرگە كىرىپ كەلدى. XX ئەسىر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران-چاپقۇنلۇق ئەسىرى بولۇپ قالدى.**

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، XX ئەسىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئەسىر بولغانىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئۇلۇغۋارلىق كەينىگە ئىنسانلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى زامانىۋى غېرىبلىقىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيانقى ئىجادىيەت روھى ۋە ئەقلىي ئىنقىلابى ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىشلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە قاتلىۋەتكەنىدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ھاياتلىق ئىلمى تېخنىكىسى، ئىرسىيەت ۋە گېن تەتقىقاتى، ئۇچۇر ئىلمى ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى نەتىجىلەر ۋە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. . . ئەمدى ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بىر مۇھىتتا تۇرۇپ ئۆزلىرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، سىرتقى دۇنيادىن ئىنساننىڭ ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. شۇنداق، XX ئەسىر ئىنساننى قايتا تونۇش ئىراسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى!

سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئادەملەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نورمال تۇرمۇش رېتىمىنى زور دەرىجىدە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇچۇر ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تورى يەر شارىنى كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماددىي ئىختىرالارغا تويۇنۇپ، ئېلېكتىر يالتىراقلىرى ئىچىدە بىر خىل زامانىۋى غېرىبلىقنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن قېپقالغان تەبىئىي ئىنسانىي ماھىيەتنى قايتا تېپىۋېلىش ئارزۇسى تۇغۇلدى.

XX ئەسىر ئەڭ زور ۋەقەلەرگە، ئەڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت روھىغا ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئازابقا تولغان بىر ئەسىر بولدى. . . مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تەسىر دائىرە تالىشىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋاملاشتى. ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشلىرى، شەرقىي ياۋروپادىكى داۋالغۇشلار ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى دۇنيا تارىخىنى مىللەتچىلىك، بۆلۈنۈش ۋە دىنىي توقۇنۇشلار بىلەن تولغان 90-يىللارغا ئېلىپ كىردى.

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۈنسايىن بۇزۇلۇشى، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، يادرو قوراللىرىنىڭ تەھدىتى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى كۈچەيتىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى «ياتلىشىش» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئۆزلىرى قۇرغان، گۈللەندۈرگەن ۋە ماددىي ئىختىرالار بىلەن تويۇندۇرغان يەر شارىدا ئۆزىنى غېرىب، مىسكىن ھەم كەمتۈك ھېس قىلىدىغان بولدى. مۇنداق زامانىۋى غېرىبلىق ئىنسانىيەت XX ئەسىرنىڭ ئەقىل زاكىسغا تولۇق ئورالغان بىر پەيتتە، ئۇلارنى ئۆزى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئويلىنىشقا ۋە قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. . .

شۇنداق، XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى ھەم ئازابلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، رىقابەت ھەم ئىجادىيەت روھىغا تولغان، ئىنسان قىممىتى قايتا بايقالغان بىر ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىي ھوقۇق كۈچلۈك تەكىتلەنگەن، شەخسنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشىشنى ئىستىگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان بىر ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئىلگىرىكى يۈزە ھالەتتىكى ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بەربات بولغان، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ئىجادىيەت ئىقتىدارى بايقالغان «ئادەم مەركەزچىلىك» ئەسىرى بولدى . . .

خوش، بەش ئەسىرلىك تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى قۇرۇغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، كېسەللىك باكتېرىيىلىرى چىرماشقان بۇ قەدىمىي گەۋدە قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قان-ياشلىق ئۆتمۈشىنى يېڭى ئەسىرگە ئۇلىدى؟ ئۇلار قانداق روھىي تەييارلىقى بىلەن ئادەم قىممىتى قايتا بايقالغان بۇ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى؟ تەرەققىيات ۋە رىقابەتكە تولغان XX ئەسىردە ئۇلار نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشتى؟! . . .

دەرۋەقە، سوئاللار ساناقسىز، جاۋابلار ئازابلىق ئىدى.

بۇ يەردە — چوڭقۇر سۈكۈتتە، قېلىن لاتقىغا ۋە

پىنھان ئازابقا تولغان تارىم ئويمانلىقىدا ئېچكى ئۆلكىلەردىكىدەك «ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلمىدى؛ ياپونىيىلىكلەردەك مىڭجىڭ يېڭىلىقىغا كۆچۈش ئىسلاھاتى قوزغالمىدى؛ غەربىي ياۋروپادىكى ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن تېخنىكا ئىنقىلابى تېخىمۇ يۈز بەرمىدى. بۇ يەردە — بىزنىڭ «بالىياتقۇ» غا ئوخشايدىغان ئانا دىيارىمىزدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي روھىي بۇرۇختۇملۇق، ئەسلى ماھىيەتتىن چەتنىگەن ئەقىدە كرىزىسى، سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن بىھۇشلانغان خامۇش كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىكى بولمىغان بۇ مىللەت پۈتۈن دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن قانچىلىك يىراقلىقتا قېپقالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇلار يېڭى ئەسىرگە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتىنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى بوستانلىقلارنى پاسىل قىلغان يۇرت ناملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇزاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ رىقابەتكە، يېڭىلىققا ۋە تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تولغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. XX ئەسىر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران-چاپقۇنلۇق ئەسىرى بولۇپ قالدى...

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق نۇتقىدا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئىسلاھات ۋە دەۋرگە ماسلىشىش ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدە تولۇق روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلىشى ۋە ئويغاق سەزگۈدە تۇرۇپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشى ھەققىدە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى. ناھايىتى ئەپسۇس، جامالىددىن ئافغانىينىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ مەكتۇبى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن يىرتىپ تاشلاندى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى روھىي چۈشكۈنلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

گېگېل ئۆزىنىڭ «روھ ھادىسىشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرىدە، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچنى تۇغۇدىغان ئۆتكۈنچى دەۋردۇر. ئىنساننىڭ روھىيىتى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى ۋە ئۇقۇملىرىدىن تۈزۈلگەن كونا دۇنيا بىلەن كەسكىن چەك-چېگرا ئايرىدى. ئىلگىرىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆتمۈش قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى قايتا يارىتىشقا كىرىشتى، دەپ كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ پىنھان ئويمانلىقىمىز ئۆزىنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك زۇلمەتلىك ئۆتمۈشىدىن ئۇنداق ئاسان قول ئۈزەلمىدى. چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى قېرىتىپ، روھىيەت قۇرۇلمىسىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇ بىرخىللىققا، رايىشلىققا ۋە جاھاننىڭ رەپتارىغا كۆنۈككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى، قوزغىتالمايتتى، ھەيدىيەلمەيتتى. ئۇنىڭغا قامچا كېرەك ئىدى. بىر زامانلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى چېكىندۈرگەن، ساك-سۇغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق ئەمدىلىكتە ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىكى «يامان ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ) لۇشۈن ئەپەندى «نارا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» ناملىق ماقالىسىدە، ناھايىتى ئەپسۇس، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش، بىر دانە ئۈستەلنى ئورنىدىن يۆتكەش ياكى بىر ئوچاقنى قايتا قۇراشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ قان تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەلكى قان تۆكۈلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ناتايىن. چوڭ بىر قامچا بىلەن ھەر ۋاقىت دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرمىسا، جۇڭگو ئۆزىنى ئۆزى قوزغىتىپ ماڭالمايدۇ، دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، لۇشۈن ئەپەندى ئۆز ئەسەرلىرىدە نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق بېكىنمە ھايات جەريانىدا پىسخىك تىندۇرمىسى قېرىغان، ئىچمايىللىق ئەندىزىسى تۇراقلاشقان، ھورۇن، يېپىشاڭغۇ ۋە ئاسان غىدىقلانمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇ، روھىي غالىبىيەتچىلىككە ھېرىسمەن ئاQ غا ئۆز تەقدىرىنىڭ چەمبىرىنى سىزدۇردى؛ ئىنقىلابقا قاتناشقان بىر كېسەلمەن ياشقا «دورا» ئىزدەپ، ئۆز مەسلەكدىشىنىڭ قېنىغا چىلانغان ھورنانىنى يېگۈزدى؛ سەۋدايىلىق كېسىلىگە دۇچار بولغانلارنىڭ خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى... لۇشۈن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە ھەتتا بىر مەزگىل ياشلارغا ئەڭ ياخشىسى جۇڭگونىڭ كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇشنى ياكى پۈتۈنلەي ئوقۇماسلىقنى، چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. (گاۋيابىياۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 225-بەت، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى) ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇزاق ۋاقىتلىق بېكىنمىچىلىك ۋە تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى تېنىپ كەتكەن كېسەلمەن گەۋدىنىڭ سىرتتىكى مەيىن شامالدىن سەگىدەشكە بولغان تەلپۈنۈش پىسخىكىسى ئىدى. بۇنداق ئىستەك ئۇزاق مۇددەتلىك بۇرۇختۇملۇق نەتىجىسىدە ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى، سىرتتىكى رەڭگارەڭ دۇنيادىن بەھىر ئېلىشنى ئىزدەيتتى. بېكىنمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان سىرتقا تەلپۈنۈش ئىستىكى ھەتتا بەزىدە مىللىي ئىنكارچىلىق ئەسەبىيلىكىگىمۇ ئېلىپ باراتتى. شۇڭا كۆپلىگەن تەھلىلچىلەر شەرقنىڭ جۈملىدىن جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بېكىنمىچىلىكتە، سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىدا دەپ قارىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىمۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «جۇڭگونىڭ تارىختا ئۇزۇن مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە قالاق ھالەتتە

قىلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب — بىكىنمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، قورۇلۇش ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى (دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدا» 50-بەت خەنزۇچە نەشرى)

خەيرىيەت، تارىم ۋادىسىدىكى تۇرغۇنلۇق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئاقارتىش دولقۇنلىرىغىچە داۋاملاشتى. گەرچە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ دىيارىمىزدا يېڭىدىن ئويغىنىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ سودىگەرلەر (جۈملىدىن ئاتۇشتىكى مۇسابايلار جەمەتى، تۇرپاندىكى مۇھىتىلار جەمەتى) نىڭ بىۋاسىتە كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئەللىرى يېقىلغان، ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدە جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى تارقىلىشقا باشلىغان، سودا ۋە ھەج سەپەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرى مەلۇم بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسىدە ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئويغىنىشى تولۇق شەكىللەنمىگەندى. دىيارىمىزنى ئۆزىنىڭ مەست قىلغۇچى ئەپسۇنلىرى بىلەن تاكى 1928-يىلىغىچە غەپلەتتە تۇتۇپ تۇرغان فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن «توكنى يېتىشىغا سىيلاش»، «ئىككى ئىتقا سۆڭەك تالاشتۇرۇش»، «قازاننى دۈم كۆمتۈرۈش»، «دۇمبىسىنى پەپىلەپ تۇرۇپ قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىش»، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش»، «مائارىپنى بەرمەي بىخوتلۇقتا قالدۇرۇش»، «سىرتقى دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىنى قامال قىلىش» قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئارقىلىق ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئىستىغپار ھوجرىسى» غا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشلەر ياساۋاتقان XX ئەسىر بېشىدا تارىم ئويمانلىقى گويا ئاسىيا قىتئەسىدىكى «غەپلەت ئارىلى» غا ئايلىنىپ قالدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنى بۇ غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرغاندى، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكىنى مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياڭراق خىتابلىرى ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ھەممىنى سىغدۇرۇپ كەلگەن بۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. ھەتتا مۇسا جارۇللادەك بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپىمۇ 20-يىللاردىكى قەشقەرنى كۆرۈپ: «بۇ يەرگە ئىسلام دىنى كەينىچىلەپ كىرىپتۇ» دەپ تاشلىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرى ئېچىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنخەي ئىنقىلابى يۈز بەردى. 4-ماي ھەرىكىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يېڭى بىر سىياسىي، نەزەرىيىۋى سىستېمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. دېموكراتىك ئىنقىلابلار ۋە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى دۇنيا تارىخىنىڭ مۇقەررەر ئېقىمىغا ئايلاندى. . . لېكىن يېڭى ئەسىردىكى بۇ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ بۇ پىنھان دىيارىمىزغا نىمىلەرنى ئېلىپ كېلەلىدى؟ قانداق ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز راستىنلا بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەنمۇ؟ ھازىرقى زامان ئېڭىمىز ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنمۇ! ؟ . . .

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنىدا؛ 4-ماي ھەرىكىتى يېڭى بىر مەيدان پىكىر ئىنقىلابىنى ۋۇجۇتقا چىقارغىنىدا؛ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مەسلەك) نى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆرۈمچىدىكى سۈرلۈك قەسرىدە تاكى شىڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغىچە بولغان دەۋرلەرگىچە سىرلىق سىياسىي ئەپسۇنلاردىن پۈتۈلگەن مۇنداق بىر نەزمە ئېسىقلىق تۇرغانىدى:

جۇمھۇرىيەت تۇنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك،
جۇڭيۇەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك؟
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەنت قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە مىنىۋالغان بۇ مۇستەبىت ئەپسۇنچى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان ھەر قانداق ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلارنى قاتتىق قامال قىلىپ كەلگەنىدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېيتقاندەك، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلمىگەندى. يەنە كېلىپ «يەرلىك خاقان» بولۇۋالغان فېئودال مۇستەبىتلەر بىخۇتلاشتۇرۇش، نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دىيارىمىزدا تارىخنىڭ چاقىنى كەينىگە بۇراپ كەلگەنىدى. ياڭ زېڭشىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» تەلىماتىغا قاتتىق چوقۇناتتى. ئۇ «ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئىدارە قىلىشى كېرەك. ئاۋام خەلقنى مەڭگۈ باردى-كەلدى قىلدۇرماسلىق كېرەك» ؛ «بىر ئادەم كۆز-قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالسا، كۆڭلىرى ئۆمۈر بويى تىنچلىقتا ئۆتىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسا، جاھان تىنچ بولىدۇ»، «كۆز - قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، گاس - قارغۇ بولۇۋېلىش كېرەك» ، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «سىرتنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، يات كۈچلەرنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان (ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» ، 4-جىلد) . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەل باشقۇرۇش تەدبىرىنى

مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى: «كۆز - قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ، دۆلەت چېگرىسىنى پۇختا قىلىش، ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك. قوشنا دۆلەتلەر بىر - بىرگە چېگرىداش بولۇپ، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئادەملەر مەڭگۈ بېرىش - كېلىش قىلمىسا، قوشنا دۆلەتلەر ئاندىن ئۆز ئارا ئىناق، تىنچ ئۆتىدۇ. ئۆز ئارا باردى - كەلدى قىلىپ قالسا ئوتتۇرىدا دەرھال رىقابەت پەيدا بولىدۇ. سىرت بىلەن ئالاقە بولمىسا سىرتتىن بالايىئاپەتمۇ تەگمەيدۇ. ئالاقە سۇيىقەستچىلەرگە يول ئاچىدۇ. ئۇلار خۇددى چاشقان سېپىلنى تېشىپ كىرگىنىدەك، چۈمۈلە ئۇۋا كولىغىنىدەك، قۇمغا سۇ سىڭگەندەك، ئۆيگە بوران كىرگەندەك شىنجاڭغا كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يوچۇق بولمىغان ياخشى. ئەگەر ئازراق يوچۇق بولسىلا ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ. مانا بۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىكى سەۋەبلەردۇر» («سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 13-19-جىلد).

لاۋزى، كۇڭزى قاتارلىق قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى زىغىرلاپ ئوقۇپ، كاللىسىغا شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغىدەك ھىيلە - مىكىرلەر تولغان بۇ مەككار مۇستەبت خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇپ قېلىشىدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. ئۇ، قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ رايىش، ئىتائەتچان، نادان، ئىخلاسمەن، ساددا، قارشىلىق تۇيغۇسى يوق، ئەل قاتارى جان بېقىشنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مىزانى قىلىدىغان «ماڭقۇرت» بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئوقۇملىرىنى ئۆچ كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قولىيازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەل - خەلقنىڭ بىلىم ئۆگىنەلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. . . بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ، دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. . . ھۈنەر - تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بەغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ. . . مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن. . . ». مانا بۇ، مەدەنىيەتلىك دۇنيا دەپ قارالغان XX ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇش تاكتىكىسى ئىدى!

بىر مىللەتنىڭ كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈشىدە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مىللىي ئاڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇميۈزلۈك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە تارىخىي شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، باشقا بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئۆلچەملىرىنى مىزان قىلىش — ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى سىرتقى تەسىر (ناۋادا راستىنلا تەسىر كۆرسەتتى دېيىلسە) ھامان ئىچكى ئېنېرگىيە ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. دەرۋەقە، ئورتاق سىياسىي گەۋدە ئىچىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئوبيېكتىپ ھادىسە، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ھامان تەكشىسىز بولىدۇ. بىر خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەنىڭ يەنە بىر خەلقنىڭ تەقدىرىنىمۇ بەلگىلەپ قويۇشى ناتايىن.

ئەگەردە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەندى دېيىلسە، ئۇنداقتا خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان قايسى بىر ئەدىبىمىز تەجەللىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن تەپەككۇر يېڭىلىقىنى ياكى ھېكمەت دۇردانىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئېڭىنى ئىپادە قىلغان قايسى بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ «شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن» تۆمۈر خەلىپە قانداقلارچە بىر چالا مۇسۇلماننىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسىمىگە ئىشىنىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ دامىغا دەسسىدى؟ ئاتالمىش «گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، لېنىننىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلىغان» سېيىت نوچى نېمە ئۈچۈن قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئاپىرىپ بەردى، يەنە نېمە ئۈچۈن بىكاردىن - بىكار ئۆلۈشكە رازى بولدى، ئۇنىڭ «گېلاۋ خۇيچىلار» دىن ئۆگەنگەن ئىنقىلاب ئېڭى نەگە كەتتى! ؟ . . .

شۇنداق، ياڭ زېڭشىننىڭ سىرلىق سېھىر - ئەپسۇنلىرىدىن قۇرۇلغان ھاكىمۇتلەق قورغانلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك جاھالەتلىك تارىخىدىن قېپقالغان روھىي توساقلىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىنى بۇ يەرگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرىنى، 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنلىرىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازلىرىنى قاتمۇ قات توساقلار ئىچىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئاڭلىدى، خالاس. مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ ئېتىنىڭ نامى مەسىلىسى پەقەت 1924 - يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتتە چاقىرىلغان سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا ئاندىن رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كەسكىنلىك بىلەن: «تارانچىلار، قەشقەرلىكلەر ۋە ئالتە شەھەرلىكلەر قاتارلىق تۇرلۇك

ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بىرلا خەلق، يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇندىن كېيىن ھەممىسى بىردەك مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان 〈ئۇيغۇر〉 ئاتالغۇسىنى قوللىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، «ئۇيغۇر» نامى بىرقانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. رايونىمىزدا بولسا 1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، خەنزۇچىدىكى «خۇيخۇي» (回回)، «خۇيمىن» (回民)، «مۇسۇلمان» (穆斯林)، «چەنتۇ» (缠头) قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» (维吾尔) دېگەن نام رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1931 - يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى داغدۇغىلىق خەلق ئىنقىلابلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاققىچە داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. جەددىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، تېزراق تەختكە ئولتۇرۇش كويىدا قالغان شېڭ شىسەي، خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم ئېيتقاندەك «ستالىندەك ئەربابنىڭ كۆزلىرىنىمۇ قاماشتۇرۇۋېتىدىغان زەر تون»نى كىيىپ، ماركسىزمچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە ستالىننى راستىنلا تەسىرلەندۈردى. شېڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالدى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى كۆز - كۆز قىلدى. پۈتكۈل شىنجاڭدا داغدۇغىلىق ئاقارتىش - ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى قانات يايدى. تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئوقۇپ كىردى. ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، مەتبەئە - نەشرىياتچىلىقى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلەردە زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىپ، دەسلەپكى زىيالىلار قوشۇنى شەكىللەندى. مەلۇم مەنىدە بوران - چاپقۇنلۇق 30 - يىللارنى خەلقىمىزدە پۈتكۈل مىللەت سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئېڭى رەسمىي ئويغانغان ۋە شەكىللەنگەن دەۋر دېيىشكە بولاتتى.

تارىمدىكى 500 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق دەۋرى ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كىرگەن ھازىرقى زامان ئىدىئولوگىيىلىرى، ئىلىم - پېنى ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تىكلەپ بەرگەن مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە تاكى 60 - يىللاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەنگە قەدەر سەۋدايىلارچە چوقۇنۇپ كەلدى. شېڭ شىسەي ئۈستىدىكى زەر توننى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ بالا - قازا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لېكىن، شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئۇلارنى ئاللىقاچان «يورۇقلۇقنى كۆرگەن ئېلېكتر چىرىقىدىن قارا چىراققا قايتۇرالمىدى» (ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى، «ئەھمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» Ⅱ - كىتاب). ئۇزاققىچە بۇرۇختۇم مۇھىتتا ئۆزىنى ئۇنتۇشيالماي كەلگەن بۇ مىللەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىدا غايەت زور بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

30 - يىللاردىن تاكى 60 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر دەۋرلىك فورمىلىنى ھاسىل قىلدى. مۇشۇ بىر ئەسىر مابەينىدە نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىز ھەققىدە تېخىچە تولۇق ئويلانمىدۇق. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ئېرىشكەنلىرىمىز كۆپ، يوقاتقانلىرىمىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، يوقىتىش — قايتا ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى. لېكىن ئارتۇقى بىلەن يوقىتىش مىللەتنى گاڭگىراش، ئۆزىنى دەخسىيەلمەسلىك قىسمىتىگە دۇچار قىلىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىر داۋامىدا قانچە قېتىملاپ يېزىق ئالماشتۇرغانلىقىمىز، تىلىمىزغا قانچىلىغان تىللاردىن قانچىلىغان ئاتالغۇلارنى ئېلىپ كىرگەنلىكىمىز، قانچە نۆۋەت «ئىزم» يۆتكىگەنلىكىمىز كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. قىسقىسى، XX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئەڭ كۆپ داۋالغۇش بولغان بىر دەۋر بولدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گاڭگىرىغان روھىيىتىمىزدە يەنە بىر قېتىم بۆھران پەيدا قىلدى. سىرتقا بولغان تەلپۈنىشىمىز تېخى تولۇق قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپلا ئىشىكلەر ئېتىلىپ قالدى. 30 يىللاپ ئەقىدە قىلغان سوۋېتچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى «خاتا ئېتىقاد» بولۇپ چىقتى. ئون يىللىق مالىمانچىلىق ئاخىرلىشىپ، 80 - يىللارنىڭ دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە، قۇرىغان، قاغجىرىغان ۋە ئۇسسىغان لەۋلىرىمىز بىلەن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرى ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولدۇق. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغاندى: «30 — 40- يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا سوۋېت روسىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن يېڭىچە پەن - مائارىپ بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ياخشى باشلىنىش بىر مۇرىسى يوق كاپىتاندەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە مەدەنىيەت تىپىمىزنى دىققەت - ئېتىباردىن چەتنەشتۈرۈپ قويدى. بارا - بارا بىز شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تىپىمىزنى، ئۆز ئەنئەنە يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپراق قالدۇق! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن سوۋېت روسىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئوكيان ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلدۇق. نەتىجىدە گاڭگىراشتىن توختىماي تۇرۇپلا يەنە گاڭگىراشقا كىرىشتۇق . . . »[99]. قىسقىسى

بىز ئەنئەنە بىلەن قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق مۇۋازىنەتنى ئىزچىل ساقلىيالماي كەلدۇق. نەتىجىدە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدا ئۇ قوتۇپتىن بۇ قوتۇپقا ئېغىش، ئاسانلا قىيداش ئامىللىرى پەيدا بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولغان ياپونىيە، ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدىن قانداقلارچە ئۆرە تۇرۇپ « Sayonara ، ئاسىيا! » (خەير - خوش، ئاسىيا!) دېگىنىچە، شەرقنى تاشلاپ كېتىپ قالدى؟ ياپونىيە تەسلىم بولۇپ 10 كۈندىن كېيىن، توكيودىكى بىر كۈندىلىك گېزىتكە مۇنداق مۇراجىئەتنامە بېسىلغانىدى: «ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنى ياپون مىللىتى ئۆزىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى سۈپىتىدە قارىشى ھەم ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك . . . ياپون خەلقى ھەقىقىي يوسۇندا دۇنياغا يۈزلىنىش، ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئوبيېكتىپ تونۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت مۇنداق مىسلىسىز قۇربان بېرىشنى ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر. بۈگۈنگە قەدەر ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى بارلىق نامۇۋاپىق تەرەپلەرنى دادىللىق بىلەن تەھلىل قىلىشىمىز، ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىنى رەھىمسىز رېئاللىق سۈپىتىدە روھنى قايتا ئۇرغۇتۇشنىڭ ساۋىقى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى ياپون خەلقى ئۆز ئەتىسىگە ئىشىنىشى كېرەك! . . » . دەرۋەقە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆز كېلەچىكى ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى . . غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماي، ئۇنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىدا قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلەشتۈردى. ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات سىرىنى ئۇزۇن مەزگىل تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىمى روبېرت كرستوف «ياپون روھى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياپونىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى نېمە دېگەندە، ئۇنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتقا قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئەگەردە 2050 - يىلى دۇنيادىكى قايسى دۆلەت ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتىن ھازىرقى ئاھالىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، دېيىلسە، باغلىنىشىمىزكى، ئۇ دۆلەت — ياپونىيىدۇر».

XX ئەسىر ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن XXI ئەسىرنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلىدۇ. خوش، بىز يەنە بىر يېڭى ئەسىرگە — ئۈچىنچى ئىراغا قانداق روھىي تەييارلىقىمىز بىلەن كىرىمىز؟ ئۆز دەۋرىدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى جورجى ۋاشىنگتون يېڭىدىن لايىھىلىگەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كەينىگە « Novus Ordo Sedorum » (دۇنيا ۋە تارىخ بىزنىڭ بۇ يەردىن باشلىنىدۇ) دېگەن خەتنى بېسىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ دەل ئۆز تارىخىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز كېلەچىكىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچى ئىدى.

دەر ھەقىقەت، XX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە «غەربنى مەركەز» قىلىپ كەلگەن دۇنيا تارىخى ئۆز مۇۋازىنىتىدە شەرقنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سانائەتلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجى شەرقنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرىغا كۆتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاققىچە بېكىنمىچىلىك تەسىرىدە غەربتىن ئۆگىنىشنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مىزانى قىلىپ كەلگەن شەرق خەلقلىرى بىر مەزگىللىك ئەسەبىي قىزغىنلىق ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن كېيىن، ئۆزىنى دەڭسەۋېلىش، تەڭشەش، تەدرىجىي تەمكىنلىشىش دەۋرىگە كىردى. ئۇلار ئەمدى باشقىلار تىكلەپ بەرگەن «پەرەڭچە ئەندىزە» گە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە دەۋر ئېقىمى بىلەن ماسلاشقان، مىللىي مەدەنىيەت ئۆدۈمىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەم مىللىي ھەم دۇنياۋى ئەندىزىسىنى قۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنلىرىدا ئېرىشكەن تەپەككۇر يېڭىلىقلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بىكىنمە روھىيىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدى، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىن تەرجىمىسىز كىرىۋاتقان بىۋاستە ئۇچۇرلار ئەمەلىيەتتە بالىياتقۇ شەكلىدىكى دىيارىمىزنىڭ «ئەسھابۇل كەھف» تىكى بىر قانچە ئەسىرلىك ئۇيقۇسىغا خاتىمە بەردى. خۇددى يېقىنقى زاماندا تاشلاندۇق رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىدىكى مول نېفىت زاپىسى بىلەن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغىنىدەك، ئۆز ۋۇجۇدىغا چەكسىز ئېنېرگىيە مەنبەسىنى يوشۇرۇپ ياتقان تارىم ئويمانلىقىمۇ يېڭى ئىرانىڭ ئېنېرگىيە بۆلىقى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر! ئىشىكنىڭ بىردىنلا ئېچىلىشى بىلەن كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ ئەسەبىي قىزغىنلىقى بىلەن سىرتقا ئىنتىلگەن ۋە چوقۇنغان مىللىتىمىز 80-يىللارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 90-يىللارغا كەلگىنىدە ئۆزىنى خېلىلا توختىتىۋالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ۋە ئۆز روھىيىتىمىزگە قارىتا سوغۇققانلىق بىلەن قايتا ئويلىنىش باشلاندى! شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئېرىشكەن ئەڭ زور ۋەسقىمىز، مەھرۇملۇق ئىچىدە ئېرىشكەن تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق ئۈچىنچى ئىرانىڭ پەردىسىنى كۆتۈرىدىغان قايتا ئويلىنىشىمىز ئىدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


① «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن»، 69 - بەت، تاشكەنت، 1979 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەممىدى»، 175 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

③ مونتېسكيۇ: «پارس مەكتۇپلىرى»، 360 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

④، ⑤ ئوكتاۋىئو پاز: «تەنھالىق قەسرى» — «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 - يىللىق 3 - سان

⑥ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال - ئىمران، 185 - ئايەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

⑦ ئارنولد توينبى: «تارىخ تەتقىقاتى»، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

⑧ لىۋ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، 259 - بەت، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى، تەيبېي نەشرى.

⑨، ⑩ گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى»، 6-، 7- بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

